# قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇرېھىم توختى

# قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان مائارىپ تارىخى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئوسمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم توختى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت تۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 2.375
1986 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1986 يىل 6 ئاي 1 بېسىلىشى
تىرازى: 6000 — 1

كىتاب نومۇرى: 7 — 11264 M باھاسى: 0.25 يۈەن

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

قەشقەردىكى كونا مەكتەپلەر .................... 5

قەشقەردە پەننىي مەكتەپنىڭ ئېچىلىشى ......... 15

ئاپرېل قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى قەشقەر مائارىپى ................................ 37

شىڭ شىسەينىڭ قىياپىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىنكى قەشقەر مائارىپى .................. 62

خاتىمە ........................................ 67

## مۇقەددىمە

خېلى ئۇزاق تارىختىن بۇيان قەشقەر ئېلىمىزنىڭ غەرب بىلەن بولغان مەدەنىيەت ۋە سودا ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئالاھىدە شارائىت قەشقەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەدەنىيەت ۋە سودا جەھەتتە بىر قەدەر ئىلگىرىلىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. مىلادىدىن 6 ئەسىر ئىلگىرى نېپالدا ساكيامونى تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇددا دىنىمۇ — مۇشۇ جايلار ئارقىلىق ياۋروپا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارالغان.

10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا (932 - يىلى) قاراخانىلارنىڭ خانزادىلىرىدىن ساتۇق بۇغراخاننىڭ باشلامچىلىقى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى كۈچىيى ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى قەشقەر مائارىپىنى شەكىللەندۈردى. خېلى ئىلگىرىدىن باشلاپ قوللىنىلىپ كەلگەن 22 ھەرپ ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىغا 32 ھەرپ ئاساسىدىكى ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن كەنت، مەھەللىلەردە

مەسچىت بىنا قىلىنىپ، مەسچىتنىڭ يېنىدىلا مەكتەپ (مەدرىس) بىنا قىلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت، مائارىپى ئەرەب مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ زامانىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. قاراخانىلار دەۋرىدە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە قەشقەر قايتىدىن مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. قەشقەر ئاتۇشتىكى «مەدرىسەئى ساجىيە» (بىلىم ساچار مەدرىسە)، قەشقەر دۆلەتباغدىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ئاتاقلىق بىلىم يۇرتلىرىدىن بولۇپ، بۇ يەرگە خېلى ئۇزاق جايلاردىن ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالاتتى. «مەدرىسەئى ساجىيە» ۋە «مەدرىسەئى ھامىدىيە» دەك ئالىي بىلىم يۇرتلىرى مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئاتاقلىق ئالىم ۋە ئەدىپلەرنى، جامالىدىن قەشقەرىدەك مۇدەررىسلەرنى، ئىمامىدىن قەشقەرىدەك تىببىي ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى، مەھمۇت قەشقەرى 1072 — 1074 - يىللىرى نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى، 13- ئەسىرلەردە ئەھمەد يۈكنەكى ئاتاقلىق دىداكتىك داستان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نى يېزىپ جاھان مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشتى. مەھمۇت قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا قەشقەر ئوپالدىكى ھەزرىتى مولالام دەپ ئاتىلىپ كەلگەن مەدرىستە (ھازىر ھەزرىتى مولالام

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى) مۇ- دەررىسلىك بىلەن ئۆتتى.

13 - ئەسىرلەردە ياشىغان ئىران مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى شەيخ سەئىدى مەشھۇر ئەسىرى «گۇلىستان» دا ئۆزىنىڭ قەشقەرگە كېلىپ، بۇ يەردىكى بىلىم يۇرتلى- رىنىڭ بىنالىرىنى كۆرگەنلىكىنى. بىلىم يۇرتلىرىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ جاپاغا چىداپ بېرىلىپ ئى- لىم تەھسىل قىلىۋاتقانلىقلىرىنى، قەشقەر خەلقىنىڭ ئىلىم- لىك كىشىلەرگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقلىرىنى بايان قىلغان.

10 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر جۇڭگو ساياھەتچى- سى ۋاڭيەندى قەشقەردە ناھايىتى باي كۇتۇپخانىلارنىڭ ۋە ئېگىز پەشتاق مۇنارلىق بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. 1271 - يىلى شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن مار- كوپولومۇ قەشقەردە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۆز ساياھەتنامىسىدە كۆرسەتكەن. 14- 19 - ئەسىرلەردە ياشىغان داڭلىق ئالىم، ئەدىپ، شائىرلاردىن — نەسرى- دىن رابغوزى. لۇتپى، سەككاكى. ئاتايى. ئەلشىر ناۋا- يى، خىرقىتى، ئابدۇرىھىم نىزارى. غەرىبىي قاتارلىقلار قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ ئوچاقلىرى- دا تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىققانلاردۇر.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باش- لىرىدا قەشقەر مائارىپىدا بىر قاتار يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئەرەب، پارس تىلىدىكى كىتابلارنى ئۆلۈك يادلاش ئورنىغا ئۆز يېزىقىنى ئىشلىتىش،

ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ بىلىم ئېلىش تەشەببۇس قىلىنغان ھەممە ئىلمىي ھېساب، سەرپ نەھۋى (مورفولوگىيە، سىنتاكسىس)، جۇغراپىيە، تارىخ، ئىلمىي تەجۋىد (قۇرئاننى قائىدىلىك ئوقۇش)، تەئلىمۇس سىبيان (بالىلار تەربىيىسى)، ناسايىھۇلئەتپال (بالىلارغا نەسىھەت)، نەسىھەتى ئامە» (ئاممىغا نەسىھەت) قاتارلىق دەرسلىك ئەسەرلەر يېزىلىپ، ئاممىنىڭ ئىلىم مەرىپەتتىن بەھرىمەن بولۇشىغا ئوڭايلىق يارىتىلغان. ھازىرقى زامان مائارىپىدا دۇنيا مىقياسىدا قوللىنىلىۋاتقان سۆھبەت ئۇسۇلى (سوئال ـ جاۋاب ئۇسۇلى) مۇ ئاشۇ چاغلاردىلا قەشقەر مائارىپىدا قوللىنىلىشقا باشلىغان. بۇ ئۇسۇلنىڭ شۇ چاغلاردىكى تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە رولى چوڭ بولغان ئىدى.

## قەشقەردىكى كونا مەكتەپلەر

قەشقەر ئەھلى ئەزەلدىن يېڭىلىققا تەلپۈنۈش، بىلىمگە بېرىلىش، بىلىم ئەھلىنى دوست تۇتۇش ۋە ياخشى كۆرۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ بىلىملىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز پۇلى، مال ـ مۈلۈك-لىرىنى سەرپ قىلىپ شەھەر ۋە يېزىلاردا مەكتەپلەرنى بىنا قىلغان. 1930 - يىللاردىن ئىلگىرىكى قەشقەر شەھىرىدە 120 مەھەللە بولۇپ، شەھەر بويىچە 70—80 دەك مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەر مەھەللە خەلقلىرى تەرىپىدىن سېلىنىپ تەسىس قىلىنغان. مەكتەپ ئورۇنلىرى بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر پۇلدار كىشىلەر تەرىپىدىن ۋەخپە ئورنىدا بېرىلگەن يەرلەر ئىدى. يېزىلاردا بولسا، يېزا (كەنت) لەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ 6 — 7 گىچە مەكتەپ بار ئىدى.

كونا مەكتەپ خەلپەت (مۇئەللىم) لىرىنىڭ تۇراقلىق مۇقىم ئىش ھەققى يوق ئىدى. ئۇلار ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىنەتتى. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ھەققى

ئۇچۇن ھەر بىر ئوقۇغۇچى ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ئاتا- ئانىسىدىن بىر داچەندىن 10 داچەنگىچە پۇل ئېلىپ كېلىپ خەلپىتىگە تاپشۇراتتى. بۇ «پەيشەنبىلىك» دەپ ئاتىلاتتى.

ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللار يېڭىدىن ئوقۇشقا كەلگەندە ئوقۇتقۇچىغا پۇل ياكى نەرسە — كېرەك تەقدىم قىلاتتى.

بىر دەرسلىكنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن ئىككىنچى دەرسلىكنى باشلىغان چاغدا ئوقۇغۇچىلار بىلىم دەرىجىسىگە قاراپ بىر تەڭگىدىن بىر سەرگىچە پۇل ياكى بەرەر كىيىملىكتىن رەخت تەقدىم قىلاتتى. ھېيت- بايرام كۈنلىرى بولسا، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھېيت- بايراملىرىنى مۇبارەكلەپ نەرسە سۇناتتى. نورۇز بايرىمى كېلىشتىن ئاۋۋال مۇئەللىم تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىدىن ئاتا- ئانىلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش ھەمدە ئۇلارنى ئىلىم- مەرىپەتكە رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن بىر- ئىككى كۇپلېت شېئىر يېزىلغان قەغەز — نورۇزلۇق باغاقچە تەييارلىنىپ ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىلەتتى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ باھار بايرىمىنى تەبرىكلەپ پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەقدىم قىلاتتى، بۇ يەردە نورۇزلۇق باغاقچىسىگە يېزىلغان مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرنى مىسال كەلتۈرىمىز:

كەلدى نورۇز- يېڭى يىل بېشى. كەلتى كۆڭۈلنىڭ چىراغى،
نورۇز دىبان كېلۇرلار خوتۇنلارنىڭ تۆركىنى.

گۈللەر قىسىپ قىز ـ ئوغۇل ئەگرى قويار بۆركىنى،
مەجلىس قىلىپ ئويناشۇر ئاچۇر كۆڭۈل مۈلكىنى.
قايغۇ ـ مېھنەتلەر كېتىپ ئويناشۇر كۈندۈر بوكۇن.

مىللىي ئەنئەنە بويىچە بالا 4 ياش، 4 ئاي، 4 كۈنلۈك بولغاندا مەكتەپكە بېرىلەتتى. مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ياش ۋە جىنسىي چەكلىمىلەر بولمايتتى. $4\frac{1}{2}$ ياشتىن 15 — 16 ياشقىچە ئوغۇل بالىلار ۋە $4\frac{1}{2}$ ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان قىزبالىلار قوبۇل قىلىنىپ بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى. قىش كۈنلىرى سىنىپقا قېلىن پاخال سېلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار پاخال ئۈستىدە يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دەرس يادلايتتى، سىنىپنىڭ ھەممە ئىشلىرى مۇئەللىم تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى. ئوقۇغۇچىسى كۆپرەك بولغان سىنىپلاردا سەۋىيىسى باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك، يېشى ھەم باشقىلاردىن چوڭراق بىر ئوقۇغۇچى خەلىپىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ئو-قۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەم-لىشەتتى. بۇ «ياردەمچى ساھىپ» دەپ ئاتىلاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىناتتى. مۇئەللىم رۇخسەت قىلغاندىلا ئائىلىسىگە قاي-تىش مۇمكىن ئىدى. ئەگەر بىرەر ئوقۇغۇچى زۆرۈرىيەت ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى بولسا، خەلىپەتتىن سورىشى يا-كى ئوقۇغۇچىلار ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا «ئەدەپ» دېگەن سۆزنى ئېيتىش ئارقىلىق سىرتقا چىقىشقا بولاتتى. سى-نىپتا ھەر دائىم خەلىپەت تەرىپىدىن تەييارلانغان بىر ك-

چىك تاختا ئېسىقلىق تۇراتتى. سىرتقا چىققان ئوقۇغۇچى بۇ تاختىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، كىرگەندە يەنە جايىغا ئېسىپ قوياتتى. ھازىرقىدەك ھەر بىر سائەت ئارىلىقىدا كوللېكتىپ دەم ئالىدىغان ئىشلار ئۇ چاغلاردا بولمايتتى.

مەكتەپكە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بىر قانچە ساۋاقنى ئېغىزچە يادا بىلىشى كېرەك ئىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەرەبچە 32 ھەرپنى ئوقۇتۇش باشلىناتتى. ھەرپ تونۇتۇش باشلانغاندا، ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتر، كەڭلىكى 15 سانتىمېترلىق سىلىق ياغاچ تاختىغا ھەرپلەر بىر - بىردىن يېزىپ بېرىلەتتى. 32 ھەرپ تونۇتۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، قومۇچ قەلەم بىلەن تاختىغا قۇرئاننىڭ كىچىك سۈرىلىرىدىن بىرسى يېزىپ قويۇلاتتى. مانا شۇ يوسۇندا ئوقۇش داۋاملىشىپ، ئوقۇغۇچىلار بىر نەچچە سۆزنى ھەجىلەپ ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالاتتى.

ھەجىلەپ ئوقۇش بىر يەرگە بارغاندا ھەپتىيەك (قۇرئاننىڭ يەتتىدىن بىر قىسمى) ئوقۇنۇلاتتى. بۇ باسقۇچتا ئوقۇغۇچىلار قۇرئاننىڭ بىر قىسىم ئايەتلىرىنى ھەجىلىمەستىن راۋان ئوقۇيالايدىغان قابىلىيەتنى ئىگەللەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرئانغا ئۆتەتتى. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسىي تەلەپ قويۇلاتتى: بىرسى، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى تونۇپ بىلىش، يەنە بىرسى، قىرائەت (قۇرئاندىكى ھەرپ ۋە سۆزلەرنى ئۆز مەخرەجلىرى بويىچە قائىدىلىك ئوقۇش) قىلىشنى ئىگەللەش. بۇ تەلەپلەر ئورۇنلانغاندىن كېيىن قۇرئاننى ئاخىرلاشتۇرغان ھېسابلىنىپ،

سوپى ئاللايار، نامەھەق، پەندنامە ۋە ناۋايى، خوجا ھاپىز شېئىرلىرىدىن تاللىنىپ تۈزۈلگەن كىتابچىلارنى ئوقۇتۇش باشلىناتتى. بۇ كىتابلارنى ئوقۇتۇش بىرىنچىدىن، شۇ كىتابلاردىكى ئەقىدىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلەشتۈرۈش بولسا، ئىككىنچىدىن، ئاستى ـ ئۈستىگە بەلگە قويۇلمىغان (ئەرەبچە بولمىغان) چاغاتايچە، فارسچە سۆزلەرنى ئوقۇيالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. بۇ مەكتەپلەردە خەت يېزىش ئۆگىتىدىغان قارا دوسكىلار بولمايتتى. خەت يېزىشنى ئۆگىنىشمۇ مۇھىم دەپ قارالمايتتى. ئايرىم ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن باسما كىتابلاردىكى خەتلەرنى تەقلىت قىلىپ ئۆگىنىۋالاتتى. شۇڭا، ئۇ چاغلاردا كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار كىتابنى ئوقۇيالىسىمۇ، خەت يېزىشنى بىلمەستىن مەكتەپ پۈتتۈرەتتى. ئۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ مۇئەييەن ئوقۇش مۇددىتى بولمىغانلىقتىن، ئوقۇشنى خالىمىغانلار خالىغان چاغدا مەكتەپتىن چىقىپ كېتىۋېرەتتى. ئاز بىر قىسىملىرى (بۇ، ئەلۋەتتە، ئىقتىسادى لىق كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ئىدى) ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مەدرىسلەرگە كىرەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەدرىسلەر ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ، بەزىلىرى ئالىي مەكتەپ ئورنىدا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار «تالىپ»، ئوقۇتقۇچىلار «مۇدەررىس» دېيىلەتتى.

ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر پۈتۈنلەي ئەرەبچە، فارسچە تىلدىكى دىنى ئەدەبىيات بولۇپ، مەدرىسلەرنىڭمۇ مۇئەييەن مۇددىتى بولمايتتى، 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريا-

نىدا ئوقۇپ خەتمە (ئىمتىھان) دىن ئۆتكەندىن كېيىن داموللىلىق ئۇنۋان بېرىلەتتى.

قەشقەر بۇرۇندىن تارتىپلا ئوتتۇرا ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بىلەن بىر مەشھۇر جاي ھېسابلىناتتى. شەھەردە كېيىنكى چاغلاردا ھېيتكا مەدرىسى (ھېيتكا جامە ئىچىدە)، كەنجىزا مەدرىسى (ھازىرقى ئۆستەڭبويى پەيچۇسو ئورنىدا)، ئەراخان تۆرىم مەدرىسى (ئۆستەڭبويى باشقۇرۇش كومىتېتى ئورنىدا)، ۋاڭلىق مەدرىسى (ھازىرقى ئوردا ئىشىكى مەكتەپ)، خانلىق مەدرىسى (ھازىرقى ئوردا ئىشىكى سىياسىي مەكتەپ ئورنىدا)، توقام مەدرىسى (كونا ئوردا يولىدا)، ساچ مەدرىسى (چاسا خىرجىلار كوچىسى ئالدىدا)، ساقى مەدرىسى (چاسا ساقى يولىدا)، لاي پەشتاق مەدرىسى (بەشئېرىق مەھەللىسىدە)، كەسكەن يار مەدرىسى (كەسكەن ياردا)، تاجى ھېكىم بەگ مەدرىسى (ھازىرقى قوناق بازىرى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا)، دوغا بەگ مەدرىسى (ھازىرقى ۋالىي مەھكىمە مىللىي ئائىلە قورۇسى ئورنىدا)، چاسا مەدرىسى (چاسا گۈڭشى يېنىدا)، شاپولات بەگ مەدرىسى (ھازىرقى باققال بازىرىنىڭ ئورنىدا) دىن ئىبارەت 17 جايدا مەدرىس بار بولۇپ، ئوقۇيدىغان تالىپلار شەھەر ئىچىدىن، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن، ناھىيىلەردىن ھەتتا تۇرپان، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىن كېلەتتى. بولۇپمۇ 800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە خانلىق مەدرىسى بىلەن قازانچە مەدرىسى ئۇنىۋېرسال مەدرىسلەردىن بولۇپ. مۇدەررىسلەرنىڭ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى، تا-

لىپلارنىڭ تالالانغانلىقى، ئۆزتۈش ئىشلىرىنىڭ قىش - ياز ئۈزچىل داۋام قىلىشى ۋە ئۇنۇمدارلىقى بىلەن باشقا مەدرىسلەردىن پەرقلىنەتتى. خانلىق مەدرىسىدىكى تالىپلارنىڭ سانى 300 دىن ئارتۇق ئىدى.

قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسلەردىن تاشقىرى قاغىلىق، يەكەن، پەيزىۋات، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەردە، شەھەرگە يېقىن رايونلاردىن دۆلەتباغ، ئاستىن ئاتۇش، ئوپال، توقۇززاق، ئاۋات، تازغۇن، ياپچان، سەمەن، ئاپپاق خوجا قاتارلىق جايلاردىمۇ مەدرىسلەر بار ئىدى. ۋىلايەت بويىچە 14 مەدرىس بولۇپ، ھەر جايىنىڭ ئۆزىدىكى تالىپلار بىلىم تەھسىل قىلاتتى. شەھەردىكى كۆپلىگەن مەدرىسلەرنىڭ تالىپلىرى مەدرىسلەردە قونۇپ ئوقۇيتتى. تاماقنى ئۆزلىرى ئېتىپ يەيتتى، مۇدەررىسلەرنىڭ ئىش ھەققى خېلى ئۇستۇن بولۇپ، مەدرىس ۋەخپىلىرىدىن جۇغلانغان كىرىمدىن بېرىلەتتى. قەشقەردىكى 15 مەدرىسنىڭ ۋەخپە كىرىمى 130 مىڭ چارەك ئاش بولۇپ، مۇدەررىسلەرگە ئىش ھەققى بېرىلگەندىن تاشقىرى تالىپلارغىمۇ بىلىم دەرىجىسىگە قاراپ ئاش تەقسىم قىلىناتتى.

مەدرىسلەردە ھەر بىر مۇدەررىس ئۈچۈن تەييارلانغان بىر دەرسخانا بولۇپ، مۇدەررىس شۇ دەرسخانىدا تالىپلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئوخشاش سەۋىيىدىكى تالىپلار گۇرۇپپا - گۇرۇپپا بولۇپ، نۆۋەت بىلەن مۇدەررىسنىڭ ئالدىغا كىرىپ ھالقا شەكلىدە دائىرە بولۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى، گۇرۇپ-

پىدىكى تالىپلار سانى 5 تىن يىگىرمە - ئوتتۇزغىچە ھەتتا بەزى گۇرۇپپىدىكى تالىپلار سانى 70 كە يېتەتتى. بەزى ھاللاردا مۇدەررىس بىلەن تالىپلار ئوتتۇرىسىدا قىزغىن ئىلمىي مۇنازىرىلەر باشلىنىپ كېتەتتى.

كونا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى كىتاب ئوقۇشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم ئاساسىي بىلەن ھېسابلاشماستىن ئەتىدىن - كەچكىچە تەكرارلاش ۋە يادلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇيدىغان دەرسلىكى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، شۇ كىتابنى تاماملىغاندىن كېيىن باشقا كىتابقا كۆچەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھەر بىر ئوقۇغۇچى يالغۇز بىر - بىرلەپ خەلپەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئالدىنقى كۈندىكى دەرسنى تەكرارلاپ ئوقۇپ بېرەتتى. ئەگەر تولۇق ئۆزلەشتۇرۇلگەن بولسا، خەلپەت يېڭى دەرس بېرەتتى. ئۆزلەشتۇرەلمىگەن بولسا، لايىق جازا يەنى تەنقىد ياكى تەن جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن يەنە تەكرارلاش تاپشۇرۇلۇپ، خەلپەت قايتا ئۆگىتەتتى.

ئاشۇ دەرس تولۇق ئۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن يېڭى دەرسكە كۆچەتتى. ئۇ چاغدا ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئۆز ئانا تىلىدا بولمىغاچقا ئوقۇغۇچىلار دەرسنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنمەي يادلاش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار ئارزۇ ۋە ئېھتىقات يۈزىسىدىنلا، مەزمۇننى چۈشەنمىسىمۇ بېرىلىپ ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىناتتى. بۇنداق مەنىسىنى چۈشەنمەي ئوقۇش ئۆلۈك يادلاش. ئۇزۇن ۋاقىت

سەرپ قىلىپ بىلىم ئىگەللىيەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار خېلى ئۇ-زاق ۋاقىت داۋام قىلدى. ئەمما جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بۇ خىل ئۇنۇمسىز ئۇسۇللارنى بىكار قىلىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش تەلىپىنى قويدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئابدۇ قادىر بىننى ئابدۇل ۋارىس قەشقەرى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ئانا تىلىمىزدا «ئەقائىد زۆرۈرىيە»، «ئىبادەت ئىس-لامىيە»، « ئىلمىي ھېساب»، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرس-لىكلەرنى تۈزۈپ، نەشىر قىلىپ، كەڭ ئاممىنى زۆرۈر بول-غان بىلىملەرگە ئىگە قىلىپ، خەلقنى جاھالەت ۋە نادان-لىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىش-لىدى.

1922 - يىللىرى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىر-تى مەھەممەدخان قەشقەر ياۋاغدا مويدىن ھاجىمنىڭ تە-شەببۇسى بىلەن بىر مەكتەپ ئېچىپ، بالدۇرقىغا ئوخشى-مىغان يېڭىچە بىر ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى. ئانا تىلى، ئىملا - ئىنشا، ھېساب، ئەرەبچە ئۆگىنىش دەرسلىكى (شىمفاھىيە) قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يىللىق ئىمتىھان يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك باغلاردا زور تەنتەنە بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. شۇڭا، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇ-تۇش ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 100 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇ مەكتەپتە كۆپرەك بايلارنىڭ بال-لىرى ئوقۇيتتى. بەزىبىر زىندىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئۇ مەك-

تەپ يېپەلمەپ قالدى، ئوقۇتقۇچىسى مەھەممەدخان ئاتۇش تېجەنگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئەھمەد ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن مەكتەپ ئاچتى. ئۇنىڭدا ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ 90 غا يەتتى. بۇ مەكتەپكە قەشقەر شەھىرىدىنمۇ بىر قانچە ھاللىق كىشىلەر بالىلىرىنى ئەۋەتىپ ئوقۇتتى.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق مائاشىنى ئوقۇغۇچىلار تۆلەيتتى يەنى ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ھەر ئايدا بىر سەردىن، بەزىلىرى 3 مىسقالغىچە پۇل تۆلەيتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلارلا مەجانەن (ھەقسىز) تەلىم ئالاتتى. تېجەندىكى بۇ مەكتەپ مەلۇم ۋاقىت داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىسى غۇلجىغا كېتىپ قېلىپ، يېگىچە بىلىم بېرىش ئىشى يەنە بالدۇرقى كونا ئىزغا چۈشۈپ قالدى.

## قەشقەردە پەننىي مەكتەپنىڭ ئېچىلىشى

بىزنىڭ دېمەكچى بولغان پەننىي مەكتەپىمىز سىنىپ-
نى ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويىدىغان، يەنى ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ يېشى، سەۋىيىسىگە قاراپ سىنىپلار بويىچە
دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويىدىغان مەكتەپلەردۇر. بۇ ئاشۇ
مەزگىلدىكى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىدى.
بۇ خىل پەننىي مەكتەپلەردىكى ھەر قايسى سىنىپنىڭ
ئوقۇغۇچى سانى، ئوقۇتقۇچىسى، دەرسخانىسى مۇقىم بولۇپ،
ئوقۇتۇش مەشغۇلىيەت جەدۋىلىگە قاراپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.
سىنىپنىڭ پائالىيەتلىرى ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئې-
لىپ بېرىلىدۇ.

سىنىپنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇش تارىخىي تەرەققى-
يات جەريانىدا شەكىللەنگەن.

قەدىمكى زاماندىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ مەكتەپلى-
رىدە ئايرىم (يەككە) ئوقۇتۇش شەكلى ئومۇمیۈزلۈك
قوللىنىلغان. بىر توپ ئوقۇغۇچىلار بىر يەرگە توپلىنىپ
ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى ھەر بىر ئايرىم ئوقۇغۇ-
چىغا ئايرىم دەرس بېرەتتى. ئۆگىنىش مەزمۇنى ۋە ئۆ-

گىنىش سۇرئىتىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىنـ
ـمايتتى. دەرس باشلاش، ئوقۇش پۇتتۇرۇش ۋاقتى مۇ-
قىم بەلگىلەنمەيتتى، بۇ خىل شەكىل بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ
سۈرئىتى ئاستا، تەلىم - تەربىيە ئۈنۈمى ناھايىتى تۆ-
ۋەن ئىدى.
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سودا - سا-
نائەتنىڭ تەرەققى قىلىشى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئالغا بې-
سىشى، ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ خىللىرى ۋە مەزمۇنـ
نى بېيىتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، ئوقۇ-
تۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. يەككە ئوقۇ-
تۇش شەكلى بۇ تەلەپنى قاندۇرالمىدى. ئۇ يېڭى ئەھـ
ۋاللارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۇ-
چۈن 16 - ، 17 ئەسىرلەرگە كەلگەندە ياۋروپادىكى
ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ئىلگىر - ئاخىر سىنىپلار بويىـ
چە دەرس ئۆتۈشتىن ئىبارەت شەكىل مەيدانغا كەلدى.
بىزنىڭ سىنىپتا ئوقۇتۇش دېگىنىمىز مانا مۇشۇ.
17 - ئەسىردە چېخ پېداگوگى كامىنسكى بۇ
خىل ئوقۇتۇش شەكلىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلدى.
ئەجدادلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئۇ،
«ئۇلۇغ دىداكتىكا» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، سىنىپنى
ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇشنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلاپ
بەردى. سىنىپتا ئوقۇتۇشنىڭ يەككە ئوقۇتۇشقا قارىغاندا
زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكى كۆرۈلگەنلىكتىن، ئۇ پەيـ
دىن - پەي مۇكەممەللىشىپ باردى. شۇنداق قىلىپ ياۋروپادا
سىنىپتا ئوقۇتۇش 16 - ئەسىردىن باشلاپ قوللىنىلىشقا

باشلىدى، رۇسىيەدە 18 - ئەسىردە پىيوتىر دەۋرىدە مەكتەپتە بىلىم ئېلىش ۋە رەقەم مەكتەپلىرى ئېچىلغان ئىدى.

مەملىكىتىمىز جۇڭگودىمۇ بۇرۇن يەككە ئوقۇتۇش شەكلى قوللىنىلغانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1862 - يىلى قۇرۇلغان «بېيجىڭ مەدەنىيەت سارىيى» جۇڭگودا ئەڭ بالدۇر ھۆكۈمەت باشقۇرغان يېڭى مەكتەپتۇر. 1886 - يىلى فۇجۇدا قۇرۇلغان كېمىسازلىق مەكتىپى، ئەجنەبىيپەرەسلەر تەسىس قىلغان شاڭخەي جاڭنەن كېمە ياساش ئىدارىسى قارمىقىدىكى مېخانىزىم مەكتىپى، ئەجنەبىيپەرەسلەر ئاچقان تىيەنجىن ماتروسلار مەكتىپى جۇڭگودىكى ئەڭ بالدۇرقى سانائەت، مېخانىكا ۋە ھەربىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئىدى.

1895 - يىلى ئېچىلغان تيەنجىن غەربشۇناسلىق مەكتىپى (1903 - يىلى شىمالىي مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن) جۇڭگودىكى ئەڭ بالدۇرقى دۆلەت باشقۇرغان ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپ، 1897 - يىلى ئېچىلغان نەنياڭ «ئاممىۋى مەرىپەتخانىسى» جۇڭگودا ئەڭ بالدۇر دۆلەت باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ؛ 1897 - يىلى قۇرۇلغان شاڭخەي نەنياڭ ئاممىۋى مەرىپەتخانا ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى» جۇڭگودا ئەڭ بالدۇرقى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، 1903 يىلى كۈزدە ئېچىلغان ۋۇچاڭدىكى «خۇبېي باللار باغچىسى» جۇڭگودىكى ئەڭ بالدۇرقى باللار باغچىسى ھېسابلىناتتى ①.

① جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىت ژورنال بۆلۈمىدىن چىقىرىلغان «پېداگوگىكا» ژورنىلى 48 - بەت.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىگە ئورۇنلاشقان قەشقەردە 1880 - يىللاردىن باشلاپ ئايرىم جايلاردا سىنىپتا ئوقۇتۇش باشلانغانىدى. يەككە ئوقۇتۇشقا قارىغاندا سىنىپتا ئوقۇتۇشنىڭ كۆپ ئارتۇقچىلىقلىرى بار: ئۇ ئايرىم ئوقۇتۇشنى كوللېكتىپ ئوقۇتۇشقا ئۆزگەرتىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، دەرس مەشغۇلاتى، ئوقۇش يىل مۇددىتى قاتارلىق جەھەتلەردە قاتتىق تۈزۈم ئورنىتىپ ئوقۇشنى تېخىمۇ تەشكىللىك، پىلانلىق پائالىيەتكە ئايلاندۇردى. بىر ۋاقىتتا بىر ئوقۇتقۇچى 50—60 ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش مەزمۇندا، پىلانلىق، سىستېمىلىق دەرس ئۆتەلەيدۇ. ئۆگىنىشتە ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا ياردەم بېرىش، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش، ئۆلگە ئېلىش، بىر - بىرىدىن ئىلھاملىنىش ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ھەرقايسى پەنلەر ئەقلىگە مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇلغانلىقتىن. ھەر بىر دەرسكە ئاجرىتىلغان ۋاقىت جەدۋەل بويىچە كۆرسىتىلىدۇ. دەرس ئارىلىقىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارام ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. دېمەك، سىنىپنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇش شەكلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مائارىپ تەرەققىيات تارىخىدىكى زور ئىلگىرىلەشتۇر.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياۋروپادىكى جاھانگىرلار مۇستەملىكە تالىشىپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتمەكتە ئىدى. جۇڭگو يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە

هالەتتە بولۇپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش بىر خىل ھاـ
لىتىدە تۇراتتى. شىنجاڭدا بولسا بىر قەدەر تۇراقلىق ۋەـ
زىيەت بەرپا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ
يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ يىپەكچىلىك ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق
مەھسۇلاتىنى ئاساس قىلغان يەرلىك سانائەت ئۆسمەكـ
تە ئىدى. كانچىلىق ۋە قۇيمىچىلىقتا ماشىنا بىلەن ئىشـ
لەپچىقىرىش يولغا قويۇلغان، بىر قانچە زور تىپتىكى سۇ
ئىنشائاتى مەيدانغا كەلگەن. مۇشۇنداق بىر تارىخىي
شارائىتنىڭ تەسىرى بىلەن قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر سودىگەرـ
لىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەرلەر — تاشكەنت،
ئەنجان، ئالمۇتا، قازان قاتارلىق جايلارغا، تۈركىيە،
ئەرەبىستان، ئىران، ھىندىستان، كەشمىرلەرگە، ھەتتا
غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىگە بېرىپ - كېلىپ سودا قىـ
لاتتى. قەشقەرنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش رايونى ئىكساق
يېزىسىدىن باۋۇدۇن مۇساباي قاتارلىق چوڭ سودىگەرـ
لەر سودا ئىشلىرى بىلەن رۇسىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق
جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى تەرەققىياتنى كۆردى.
ئۇ يەرلەردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن سۆھبەتـ
لەشتى. باۋۇدۇن مۇساباي بارغانلا يېرىدە يېڭىچە مەكـ
تەپلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ
بىر تەرەپتىن چەت بىلەن بولغان سودىسى راۋاجلاندى،
يەنە بىر تەرەپتىن ماناپاكتۇر ئۇسۇلىدىكى يەرلىك
ئىشلەپچىقىرىشتىن بولغان پايدىسى كۆپىيىپ، ئىقتىسادى
يۈكسەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جايلىرىدىكى كارخانا ۋە سودا
دۇكانلىرىنى باشقۇرۇشقا يېتىشەلمەي قالدى. ئۇنىڭ

ئۈستىگە يالاپ ئىشلەتكەن كىشىلەرى ساۋاتسىز بولۇپ، تەلەپنى ئورۇنلىيالمايتتى. مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ قىستىشى ۋە ئۇ بارغان جايلاردىكى تەرەققىياتنىڭ تەسىرى بىلەن خەلقنى ساۋاتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشتەك بىر ئارزۇ ئۇنىڭدا شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىر قىسىم بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ھېسابچى (بوغالتىر)، ئامبارچى، ئىش باشقۇرغۇچى قاتارلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا كىرىشتى. ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1885 - يىللىرى ئېكساقلىق كېرىم خەلىپىتىمنى ئورنبورگ دارىلمۇئەللىمىنگە ئۈچ يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى. كېرىم خەلپىتىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن 1888 - يىلى ئېكساق يېزىسىدا يېڭىچە، بىر مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى. كېرىم خەلپىتىم قوشۇمچە مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. مەكتەپ ئۈچ سىنىپلىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 115 نەپەر ئىدى. تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، رۇس تىلى. تەنتەربىيە، تەبىئەت، ئەرەب تىلى. دىن دەرس قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. تەلىم - تەربىيە ئۇنۇمى كىشىلەرنى تېزلا جەلپ قىلىۋالدى. قوشنا يېزىلاردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر باللىرىنى ئېلىپ كېلىپ مەكتەپكە قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قوشنا يېزىلاردىن، ھەتتا قەشقەر شەھىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بارا - بارا كۆپىيىپ، 270 كە، سىنىپ سانى 8 گە كۆپەيدى. ساۋاتلىق ئادەملەر كۆ-

پەيدى. ئىلگىرى 3—4 يىل ئىچىدىمۇ ساۋاتى چىقمى-
غان باللارنىڭ بىرەر يىلدىلا ساۋاتى چىقىرالىغىنى كۆر-
گەن ئاتا ئانىلار تازا خۇشال بولۇشتى. ئۇزۇن ئۆتمە-
ستىن كېرىم خەلپىتىم ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىنى ئىدى-
رىس ھاجىم ۋە ئەرەبستاندا ئوقۇپ كەلگەن ئابابەكرى
ئەپەندىلەر داۋاملاشتۇردى. گەرچە بۇ مەكتەپ ئەنە
شۇنداق مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، تەلەپنى دېگۈدەك
قاندۇرالمىدى. چۈنكى، بۇ يەنىلا باشلانغۇچ سەۋىيىدى-
كى مەكتەپ ئىدى.

شۇ چاغلاردا قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى-
دىكى ئۇقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋە بىر قىسىم
سودىگەرلەر ئارىسىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىش
پىكىرلىرى ئۇلغىيىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ خىل ئىلغار جاما-
مائەت پىكرىنىڭ تۈرتكىسىدە، 1913 - يىلى قەشقەر
شەھەر جانان كوچىسىدىكى يۇسۇپ ئاخۇن دېگەن كى-
شىنىڭ ھويلىسىدا بىر سىنىپ پەننىي مەكتەپ ئېچىلدى.
ئانا تىلى، ھېساب، ئەخلاق دەرسلىرى ئوقۇتۇلدى. قەش-
قەردىن 40 نەچچە كىلومېتر يىراقلىقتىكى تاشمىلىق
بازىرىدىمۇ يېڭىچە بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىلىپ، خەلقنى
تېزدىن ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. بىراق قەشقەردىكى
دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر. يەرلىك فېئوداللار بۇ خىل
يېڭىچە مەكتەپلەرگە دەرھال قارشى چىقتى. ئۇلار ھەر-
خىل توھمەت، پىتنە - پاساتلارنى ياغدۇرۇشتى. ھاكى-
مىيەت ئۈستىدىكى ياۋۇز كۈچلەرگە تايىنىپ، ھەر خىل
زوراۋانلىقلارنى ئىشلەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى بۇ

مەكتەپلەر تاقالدى. ئوقۇتقۇچىلىرى تارقاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋال ئاستىدا، بىر قىسىم ئىلغار كىشىلەر، قەشقەردىكى ئەكسىيەتچى زوراۋان كۈچلەرنىڭ كۆزىدىن يىراقراق بولغان، قەشقەر شەھىرىدىن 20 كىلومېتىردەك يىراقلىقتىكى ئۇستۈن ئاتۇش ئىكساق يېزىسىدىكى مەكتەپنى زورايتىش، تەرەققى قىلدۇرۇش نىيىتىگە كېلىشتى.

باۋۇدۇن مۇساباي ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى (سىنىپى) ئېچىشقا تەييارلىق كۆردى. مەكتەپ بىناسى، دەرسخانا، ياتاقخانا، تاماقخانا قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، 1914 - يىلى ئىكساق يېزىسىدا باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئاچتى (بۇ چاغدا ئۇستۈن ئاتۇش قەشقەر كونىشەرگە قاراشلىق رايون ئىدى. 1940 - يىلى ئاتۇش يېرىم ناھىيە بولغاندىن باشلاپ ئاتۇش ناھىيىسىگە قارايدىغان بولدى). تۈركىيىدە ئوقۇغان ھېبىب ئوغلى ئەھمەد كامالنى مۇدىرلىققا بېكىتتى. دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاماق، ياتاق راسخوتلىرى، مەمۇرىي خىراجەتلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى باۋۇدۇن مۇساباي تەرىپىدىن بېرىلدى. تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، رۇس تىلى، تەبىئەت، دىن دەرسى، تەنتەربىيە، رەسىم، غەزەل دەرسلىرى تەسىس قىلىندى. مەكتەپ تەرىپىدىن مىخ مەتبەدە مەخسۇس ئېلىپبە كىتابى باستۇرۇلدى. كىتابنىڭ نۇسخىسى (ھازىرغا قەدەر ساقلانغان). تەنتەربىيە دەرسى ئالاھىدە

ئەھمىيەت بېرىلگەن دەرسلەردىن بولۇپ، پۇت توپ، تاققا يامىشىش، يۈگۈرۈش، سەكرەش، قارىغا ئېتىش، ئاغامچا تارتىشىش، چېلىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى.

دارىلمۇئەللىمىنگە ئېكساق يېزىسىدىن، ئۈستۈن ئاتۇش، ئاستىن ئاتۇش رايونلىرىدىن، قەشقەر شەھرىدىن، قەشقەرنىڭ ئاۋات، بەشكېرەم، توققۇزاق، قوغان، سەمەن قاتارلىق رايونلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، ئو-قۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قەشقەر شەھرى ۋە ھەر-قايسى رايون، يېزىلارغا، ھەتتا، ئاقسۇ، تۇرپان، پىچان-لارغىمۇ ئەۋەتىلىپ، ئۇ جايلارنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئىش-لىرى ئۈچۈن كۈچ ھازىرلاپ بېرىلدى. ئېكساق يېزى-سىدىكى يېڭى مەكتەپنىڭ داڭقى - شۆھرىتى پۈتۈن شىنجاڭغا تارالدى، قەشقەردىكى ئەينى زامانىڭ ئىلغار مەرىپەتپەرۋەرلىرىدىن ئابدۇقادىر داموللام، سابىت دامول-لام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر بۇ مەك-تەپنى ئۆزلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئۈمىد چىرىغى دەپ ھېسابلاپ، بارلىق كۈچى بىلەن قوللاپ ۋە قوغ-داپ باۋۇدۇن مۇساباي-غا يارد بەرسەتتى. مەكتەپنىڭ ئو-قۇتۇش ئىشلىرىغا پايدىلىق ئىلمىي مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇردى، شۇنىڭدەك بەزى ئىقتىساتلىق كىشىلەرمۇ پۇل ئىئانە قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر، قەلەملىرىنى تەمىنلەشكە ياردەملەشتى ۋە مەكتەپنىڭ يىللىق ئىمتىھان، خۇلاسە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئىجتىھات

بىلەن ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىشتى. چوڭ - چوڭ سورۇن-
لاردا پەننىي مەكتەپنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ھەققىدە تەشۋىق
تەرغىباتلار ئېلىپ باردى. بۇ خىل ئىلغار يېزىلىنىش
ئەزەلدىن تەرەققىياتقا، يېڭىلىققا چىش - تىرنىقىدىن ئۆچ-
مەنلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان مۇتەئەسسىپ، قارا
كۈچلەرنىڭ تازا ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇلار تۈرلۈك
ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل شۇملۇقلارنى قىلىشتى.
يەنە كېلىپ، بۇ چاغلاردا مۇساباي بىلەن ئاخۇنبايۇپلار-
دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سودىگەر ئوتتۇرىسىدىكى كەس-
كىن سودا رىقابىتىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى.
بۇ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى سۈندۈرۈشقا ئۇرۇناتتى.
ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بېرىپ - بېرىپ جامائەت
سورۇنلىرىغىمۇ سىڭىپ كىردى. بىر قېتىم دارىلمۇئەللىمى-
نىڭ يىللىق ئىمتىھان مەزگىلىدە، قەشقەر مۆتىۋەرلىرى
(ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭىلىق تەرەپدارلىرىمۇ، كو-
نىلىق تەرەپدارلىرىمۇ بار ئىدى) قاتناشتۇرۇلغان نۇرغۇن
كىشىلىك يىغىلىش بولدى. ئالدىن تەربىيىلەنگەن بىر قان-
چە ئوقۇغۇچى جامائەت ئالدىدا مۇنداق دېكلىماتسىيە
ئوقىدى: «قاچانغىچە غەپلەتتە ياتىسەن، ۋەتەن، خەلق،
مىللەت بىلەن كارىڭ بولماي! ھايۋانغا ئوخشاش قو-
ساق بېقىش بىلەن دۇنيادىن ئۆتەمسەن؟! تاڭلا مەھشەر-
دە خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟! مۇشۇ
ھالدا كېتىۋەرسەڭ، يىلاندەك يەردە سۆرۈلۈپ، ئۆمۈر
بويى خارلىقتىن قۇتۇلالمايسەن!» بۇ دېكلىماتسىيە كو-
نىلىقنى ياقلاش تەرەپدارلىرىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى.

شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئاخىرى
قەشقەردىكى مۇتەئەسسىپلەر قەشقەردوتيىي ماجاۋۇۋغا باۋۇ-
دۇن باي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «باۋۇدۇن مۇسا-
باي ھەددىدىن ئېشىپ، سىزنى ۋە باشقىلارنى كۆزگە
ئىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ، جانابىڭىزدىن رۇخسەت
ئالماستىن بىزنىڭ ئەنئەنىمىزنى بۇزۇپ، يېڭى مەكتەپ
ئاچتى. جانابىڭىزنىڭ ئالىي مەنسىپىڭىزگە ۋە بىزنىڭ
ئۇلۇغ دىنىمىزغا نىسبەتەن خەتەرلىك يېرى شۇكى، ئو-
قۇغۇچىلارنى چېرىكلەرگە ئوخشاش قاتار قىلىپ مەشىق
ئويناتتى. ئەنئەنىمىز بويىچە دەرس ئۆتمەستىن، بالىلىرى-
مىزنى يولدىن ئازدۇرىدىغان غەلىتە دەرسلەرنى (تەبىئەت،
جوغراپىيىگە ئوخشاش دەرسلەرنى دېمەكچى) ئوقۇتتى.
دەرھال ئاگاھ بولۇپ، توسمايدىغان بولسىڭىز، زات ئا-
لىيىڭىزنىڭ تەختى ـ بەختىگە زور تالاپەت يېتىدۇ»
دېگەن مەزمۇندا ئەرزنامە يوللىدى. ئەرزنامە
ماجاۋۇۋنى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇ دەرھال
يامۇلنىڭ دەرۋازىسىغا «باۋۇدۇن مۇسا باي
دەرھال تۇرمىگە ئېلىنسۇن» دەپ پەيزە ئاسقۇزدى.

باۋۇدۇن مۇسا باي بىر قانچە كۈن يامۇلدا نەزەر-
بەنت ئاستىدا تۇرغۇزۇلدى. كېيىن ماجاۋۇۋ ئۇنى ئىشخا-
نىسىغا ئېلىپ كىرىپ سوراق قىلدى. سوراق قىلىنغۇچى
جاھان كۆرگەن، كۆپ ئىشلاردىن خەۋەردار ئادەم بولغاچ-
قا، سوراق ئۈستىدە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن جاۋاپ بې-
رىپ، ماجاۋۇۋنى قايىل قىلدى. ماجاۋۇۋنىڭ ئەندىشىسى
خېلىلا پەسەيدى. باۋۇدۇن مۇسا باي ئامبالنىڭ كەيپىياتى-

ىدىكى پەسىيىشنى بايقاپ، ئىلگىرى ئامبال بىلەن قىلىشقان
سۆھبەتتە مەكتەپ ئېچىش تەلىپىنى قويغانلىقىنى. لېكىن
ئامبالنىڭ ئەھمىيەتسىز قاراپ قۇلاق سالمىغانلىقىنى دې-
ۋالدى. ئەمەلىيەتتە ماجاۋۇنىڭ باۋۇدۇن مۇسا
باينى «چەتتىن رۇخسەتسىز ئوقۇتقۇچى ئېلىپ كەلدى»
دەپ ئەيىپلىشىگىمۇ ئورۇن قالمىغان ئىدى. چۈنكى ئەمەل-
كەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ: «ھۆكۈمەتنىڭ
رۇخسىتىسىز مەكتەپ ئاچماسلىق» توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا
ئاساسەن سىرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن ئەھمەد كامال قا-
تارلىق ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇلغانىدى. با-
ۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ يوللۇق گەپلىرى ۋە رېئاللىق ماجاۋ-
ۋۇنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. باۋۇدۇن مۇساباي دەل
شۇ پۇرسەتتە يەنە ماجاۋۇغا مەكتەپ ئېچىش زۆرۈرلۈك-
نى، جايلاردىكى كارخانا، سودا ئورۇنلىرىنىڭ ساۋاتلىق
كىشىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ماجاۋ-
ۋۇ ماقۇللۇققا كېلىپ، خەنزۇچە مەكتەپ ئېچىش تەلىپى-
نى قويدى. باۋۇدۇن مۇساباي بۇ تەلەپنى قىزغىن قارشى
ئالىدىغانلىقىنى، قەشقەر شەھىرىدە شۇنداق بىر مەكتەپنى
ئېچىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيت-
تى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى قەشقەر شەھىرى ياۋاغ كور
مەھەللىسىدىكى «دۇمباخانا» دەپ ئاتالغان دۆڭلۈكتە بىر
سىنىپلىق «دى يى شۆ تاڭ» (第一学堂)
ئېكساق يېزىسىدا «دى ئېر شۆ تاڭ» (第二学堂)
دېگەن مەكتەپلەر ئېچىلدى. ماجاۋۇ ئوغلىنىڭ
ئاتىشىنى 25 سەر كۆمۈشكە تۇتۇپ، ئېكساقتىكى

مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ 25 سەر كۆمۈش باۋۇدۇن مۇساباي تەرىپىدىن بېرىلدى. بۇ ئىككى مەكتەپتە سىياسەت، تىل، ھېساب، رۇس تىلى، گىمناستىكىدىن ئىبارەت 5 خىل دەرس تەسىس قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپلەرنىڭ دەرس مەزمۇنى ۋە دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كونا مەكتەپلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ئىلغار ئىدى. بۇنى پەن-مەدەنىيەتكە قاراپ بېسىلغان يېڭى قەدەم دېيىشكە بولاتتى. لېكىن بۇ مەكتەپلەرگىمۇ قارشىلىق بولماي تۇرمىدى. مەنمەنلىك، ئۆز ئارا كۆرەلمەسلىك، جەڭگى - جېدەل، مۇتەئەسسىپلىك، يېڭىلىقتىن قورقۇش، نەپسانىيەتچىلىك يولىدا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم يەرلىك مۆتىۋەرلەر خىلمۇ خىل يوللار بىلەن توسقۇنلۇق، قارشىلىق قىلىشقا باشلىدى. مەكتەپ ئۈستىدىن ماجاۋۇغا ھەر خىل شىكايەتلەر قىلىشتى. «غەپلەتتە، ئۇيقۇدا ياتقان ئادەملەرنى باشقۇرۇش ئوڭاي بولىدۇ. بىلىملىك كىشىلەرنى باشقۇرۇش قىيىن. غەپلەتتىكى كىشىلەرنى ئويغىتىپ نېمە قىلىمەن» دېگەن خىيالدا بولۇپ كەلگەن ماجاۋۇ بۇ پىتنە - پاسات، شىكايەتلەرگە ئىشەندى. مەكتەپنى قوللىمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ تولۇق ئوقۇش ئىختىيارلىقى بولمىغاچقا، مەكتەپكە كەلسە كېلىپ، كەلمىسە كەلمەيتتى. مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن بۇ ئىككى مەكتەپ تېزلا تارقىلىپ كەتتى.

كېيىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەشكىللىشى ۋە باشلامچىلىقىدا، ئىكساق يېزىسىدا باللار ئۈچۈن 6 سىنىپلىق بىر مەكتەپ تەشكىل قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ بىر قىسىم

چىقىملىرىنى باۋۇدۇن مۇساباي ئۆز ئۇستىگە ئالدى. كۆپ قىسىم چىقىمنى يېزا خەلقىنىڭ ئۆشرە ـ زاكاتلىرىدىن قىلىنـ دى بۇ مەكتەپ پەننى ئاساس قىلاتتى. تۇرسۇن ئەپەنـ دىم مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، روشىدى سىنىپقا (ئەڭ يۇقىرى سىنىپقا) دەرسكە كىرەتتى ۋە ھەر قايسى يىللىق سىنىپلارنى داۋاملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. بۇ مەكتەپـ نىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى ــ ئەنۋەر ئەپەندى، ئابدۇ غوپۇر ئەپەندى، پەخرىدىن ئەپەندى قاتارلىقلار ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى بىر قانچە يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئەلىكلىك مائارىپچى ئىدى. ئۇ ئەمەـ لىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىملا، ئىنشا، ھېساب، دىنى دەرس، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تارىخ قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلدى. ئېھتىياجغا قاراپ، ئۇ، بەزىدە تەبىئىي پەنلەرنىڭ دەرس سائەتىنى كۆپەيتەتتى، بەزىدە ئازايتاتتى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن تولىمۇ تەلەپچان، كۆيۈمچان ئۇستاز ئىدى. ئۆگىنىشتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. ئۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل تەرەپلىرىدىن چۈشەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئىناق بىر كوللېكتىپقا ئايلاندۇ‌رۇشقا تىرىشاتتى. بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسالنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: بىر كۈنى روشىدى سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش، ئەخلاقتا ياخشى بىر ئوقۇغۇچىسى كېسەل بىـ لەن ۋاپات بولدى. ساۋاقداشلار مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭـ قۇر غەمناك بولۇشتى ۋە بىر كۈنلۈك دەرس توختىتىلـ

دى... تۇرسۇن ئەپەندىم ئەتىسى دەرسكە كىرىپ، دوسكا ئالدىغا كېلىشكە ھېلىقى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچىسى ئېسىگە كەلدى - دە، ئۆزىنى توختىتىپ ئالالماي يىغلاپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇستازىنىڭ ئۆز شاگىرتىغا شۇنچىلىك ئامراقلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ تەسىرلىنىشتى. ھەممەيلەن يىغلىۋەتتى.

تۇرسۇن ئەپەندىم ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. باشلانغۇچ سىنىپلاردا سوئال - جاۋاب ئۇسۇلىنى، يۇقىرى سىنىپلاردا بايان قىلىش، مۇزاكىرە قىلىش ئۇسۇلىنى كۆپرەك قوللىناتتى. ھەقىقەتەن ئۇ پىشقان، ئىناۋەتلىك پېداگوك ئىدى. ئۇ، خېلى جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىپ، «ئۇسۇل تەدرىس» (ئوقۇتۇش ئۇسۇلى) دېگەن ماتېرىيالنى يېزىپ چىققانىدى. بىراق ھايات ۋاقتىدا ئۇنى نەشىر قىلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. مەكتەپتىكى ئالتە - يەتتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى ئىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار تۇرسۇن ئەپەندىمنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. تۇرسۇن ئەپەندىم ئۆز شاگىرتلىرىغا بەكمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. دەرسكە كېچىكىشكە، دەرس قالدۇرۇشقا يول قويمايتتى. ئەگەر پەۋقۇلئاددە ئىش سەۋەبىدىن رۇخسەت سوراشقا توغرا كەلسە، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئالدىن ...لمەھەنلىشىپ، دەرسنىڭ قېلىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك ...تتى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقىرىش چىنىڭ تۇتۇلۇپلا قالماي، خەتنى چىرايلىق ۋە

تۇغرا يېزىشنى ئۆگىنىشمۇ چىڭ تۇتۇلاتتى. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ يېتىشكەن خەتتات ئىدى. ئۇنىڭ خەت نۇسخىلىرى شاگىرتلىرىنىڭ قولىدىن تولىغا كۆچۈرۈلۈپ ئۆتۈپ، مۇنۇ كۈنلەرگىچە ساقلىنىپ كەلدى.

مەكتەپ ئەخلاقىي تەلىم - تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايتتى. مەكتەپ ئىچىدە چوڭ ئاۋاز بىلەن تۇۋلاپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقا يول قويۇلمايتتى ئۇرۇش. تىللاشلار قاتتىق چەكلىنەتتى. بولۇپمۇ بىر - بىرىنى يامان، قوپال تىللار بىلەن تىللاش تولىمۇ ئەيىپ سانىلاتتى. بۇ مەكتەپتە غەيرەتلىك بولۇش، ئىلىم ۋە بىلىم ئەھلىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ھۆرمەتلەش، ۋەتەن ۋە خەلقنى سۆيۈش، راست سۆزلەش. دوستلىرىغا كۆيۈنۈش تەكىتلىنەتتى. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنى قاتار تىزىپ تەنتەربىيە ئويناتمايتتى. تەنتەربىيە دەرسى مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئويۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلاتتى. بولۇپمۇ پۇتبول ئويناشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلىدىغان بولۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم، چۈشتىن كېيىن توپ مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ مۇسابىقىگە يەرلىك دېھقانلارمۇ قاتناشتۇرۇلاتتى. 1927 - يىلى بۇ مەكتەپ توپچىلىرى قەشقەردىكى ئىنگلىز، شىۋىت كونسۇل خادىملىرى بىلەن پۇتبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ، 0 گە قارشى 7 نەتىجە بىلەن شىۋىت كونسۇل خادىملىرىنى، 0 گە قارشى 2 نەتىجە بىلەن ئىنگلىز كونسۇل خادىملىرىنى يېڭىپ، ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈپ، قەشقەر خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

ئېكساقتا پۇتبول 1870 - يىللاردا تۈركىيىدىن كىرگەن بولسىمۇ، ئاساسەن 1900 - يىللارغا بارغاندا ئاندىن ئومۇملىشىپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. بۇلار دەسلەپتە پۇتبولنى 4 كىشىدىن، 5 كىشىدىن، 7 كىشىدىن ئوينىغان بولسا 1927 - يىلىغا بارغاندا هازىرقىدەك 11 دىن كىشى بولۇپ ئويناشقا تەرەققى قىلغان. ئازاتلىقتىن كېيىن ئېكساق پۇتبول كوماندىسى مەخسۇس دۆي بولۇپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە ماهارەت كۆرسەتتى. ئېھتىمال بۇ كوماندا شۇ چاغدا تۇنجى دېھقانلار كوماندىسى بولۇش مۇمكىن.

ئېكساق يېزىسىدىكى بۇ مەكتەپنىڭ شۆھرىتى يەنە جاھىل يەرلىك مەمۇرلەرنىڭ دىققىتى - نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇلار ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن مەكتەپنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئۇستاز تۇرسۇن ئەپەندىم شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى يەرلىك مەمۇرلار تەرىپىدىن 2 قېتىم تۈرمىگە ئېلىنىپ قويۇپ بېرىلدى. ... ئاپرېل قوزغىلىڭىدىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئېكساق مەكتىپىنىڭ ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەر شەھەر خانلىق مەدرىسىدە ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئاخىرى 1937 - يىلى جاللات شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياۋۇزلۇق بىلەن قۇربان بولدى.

تۆۋەندە ئېكساق مەكتەپنىڭ 1920 - يىلىدىكى دەرس جەدۋىلىنى كۆرسىتىمىز. بۇ جەدۋەل شۇ مەكتەپتە

ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دەپتىرىدە ساقلانغان.

1340 - ھىجرىيە (مىلادى 1920 - يىل)

ئېكساق مەكتىپىنىڭ دەرس جەدۋىلى

شەنبە① (ھەپتىنىڭ 1 - كۈنى)

1 - سائەت شىفاھىيە، 2 - سائەت ئىملا،

3 - سائەت مارش، 4 - سائەت ھىساب.

يەكشەنبە (ھەپتىنىڭ 2 - كۈنى)

1 - سائەت سەرپ ئەرەبى، 2 - سائەت تارىخ،

3 - سائەت جۇغراپىيە، 4 - سائەت تەجۋىد.

دۈشەنبە (ھەپتىنىڭ 3 - كۈنى)

1 - سائەت رۇس تىلى، 2 - سائەت ھىساب،

3 - ۋە 4 - سائەت كەزمە②.

سەيشەنبە (ھەپتىنىڭ 4 - كۈنى)

1 - سائەت تەجۋىد، 2 - سائەت شىفاھىيە،

3 - سائەت جۇغراپىيە، 4 - سائەت رەسىم.

چارشەنبە (ھەپتىنىڭ 5 - كۈنى)

1 - سائەت سەرپ ئەرەبى، 2 - سائەت ئىملا،

3 - سائەت رۇس تىلى، 4 - سائەت تارىخ.

پەيشەنبە (ھەپتىنىڭ 6 - كۈنى)

پۈتۈن بىر كۈن دىن دەرس

---

① ئۇ چاغلاردا دەم ئېلىش كۈنى جۈمە بولغاچقا، شەنبە ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ھېسابلىناتتى.

② كەزمە — ئېتىز، ئېرىق، تاغ، داللارنى كۆرسىتىش.

جۇمە (ھەپتىنىڭ 7 - كۈنى)
دەم ئېلىش

1920 - يىل، زولقە ئىدە

يۇقىردىدا بىز قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەرگە تەۋە بولغان جايلاردا ھەر قىتىملىق قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپلەرنىڭ مۇستەبىد ھۆكۈمەت، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، جاھىل ئىشانلار، دىنى قارا خۇراپاتچىلارنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىراق، شۇنداق بولسىمۇ بۇ پەننىي مەكتەپلەر پۈتۈنلەي تاقىلىپ قالمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بۇ خىل مەكتەپلەرنى پۈتۈنلەي تاقىۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەشقەردىكى ئابرويلۇق كىشىلەر، بولۇپمۇ چەتئەللەرگە بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىغان چوڭ سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ سودا ئىشلىرى ۋە دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بۇ خىل يېڭىچە مەكتەپلەرنى ھەر ھالدا ئېچىپ تۇردى. مەسلەن، 1921 - يىلى ئابدىرېھىم بايۋەچچە ھازىرقى ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ ئورنىدا 6 سىنىپلىق بىر مەكتەپ ئاچتى. مەكتەپتە دىن دەرس، تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلدى. 1930 - يىلى ئابدۇللا ئاخۇن بايۋەچچە سودىگەرچىلىك بىلەن تۈركىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئەھمەد پەرىد ئاپباس دېگەن كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. قايتىشىدا ئابدوللا ئاخۇن ئەھمەد پەرىدىن ئاپباسنى قەشقەرگە ئېلىپ

كېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ھازىرقى ياۋاغ 6 - باشلانغۇچ مەكتىپى ئورنىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچتى. ئەھمەد پەرىد مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا قويۇلۇپ، دىنى دەرس، ھېساب (4 ئەمەل ۋە ئاددى كەسىردىن ئونلۇق كەسىرگىچە) جۇغراپىيە، ئىنشا دەرسلىرى ئۆتۈلىدى. بۇ مەكتەپلەرمۇ توسقۇنلۇق، قارشىلىققا ئۇچراپ، داۋاملىشالماي قالدى.

مەكتەپلەردە مەۋسۇملۇق ۋە يىللىق ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى قەشقەردە ئاساسەن 1910 - يىللىرىدىن باشلاپ، شۇ چاغدىكى شۆھرەتلىك ئوقۇتقۇچى قاسىم ھاجى خەلپىتىم ۋە ئۇنىڭ يېتىشتۈرۈپ چىققان شاگىرتلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يولغا قويۇلغان.

قاسىم ھاجى خەلپىتىم ئاۋۋال نەزەر باغدا، كېيىن غوجىجوڭنىڭ قولۇقىدا مەكتەپ ئېچىپ، قەشقەردە شۆھرەت قازاندى. ئۇ قۇرۇپ چىققان ۋە باشقۇرغان مەكتەپنى جامائەت «قاسىم ھاجىمنىڭ مەكتىپى» دەپ ئاتاشتى. قاسىم ھاجىم ئىمتىھاننىڭ ئوقۇتۇشتىكى رولىنى چوڭ بىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىدىن قاتتىق قوللۇقلۇق بىلەن ئىمتىھان ئالاتتى. ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتكەنلەرنى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا قوياتتى. قاسىم ھاجىمدا ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان بۇ ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىمتىھاننى چىڭ ئېلىشاتتى. قاسىم ھاجىمنىڭ ئىمتىھاننى ئاشۇنداق چىڭ ئېلىشى بىلەن، ئۇ باشقۇرغان مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. باشقا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ مەك-

تېپىگە كېلمۇېلشتى. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى بىراقلا 200 دىن ئېشىپ كەتكەندى. قاسىم ھاجىمنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر كېيىنچە شەھەردىكى ۋە شەھەر ئەتراپى — قوغان، سەمەن، بەشكېرەم، ئاۋات، توققۇزاق، خانئېرىق، تازغۇن، ياپچان قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ قالدى. قاسىم ھاجىم ۋاقىت چىقىرىپ، يېقىنقى جايلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇردى. ئۇ تەكشۈرۈش داۋامىدا، خەلقنىڭ ساۋاتلىق كىشىلەرگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى. ئەمما بۇ خىل ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ ئۇ يەرلەردە يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆردى. ھەقىقەتەن ئۇ چاغدا يىراقتىكى تۇغقانلىرىغا خەت يازماقچى بولغان كىشى خەت يازالايدىغان كىشىنى ئىزلەپ يۇرتمۇ يۇرت كېزەتتى. قاسىم ھاجىم خەلقنىڭ بۇ خىل قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا جىددىي كىرىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندى. شاگىرتلىرى بىلەن بېرلىشىپ، دىنىي دەرسلىكلەردىكى ئاسان جۈملىلەرنى تاللاپ، نۇسخا يېزىپ چىقىپ، مەكتەپلەرگە تارقاتتى، كېيىن ئۆزى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلاردىن خەت ئوقۇتۇپ ۋە يازدۇرۇپ ئىمتىھان ئالدى. شۇنىڭ بىلەن تېز ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەت ساۋاتى چىقتى، بۇ ھال ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان خەلقنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدى.

قاسىم ھاجىم باشقۇرغان بۇ مەكتەپلەر شۇ مەزگىل

لەردە، شۇنچىلىك مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى، تەشكىلىي شەكلى قاتار-لىقلار جەھەتتە يەنىلا كونىچە ئىدى. دەرسلىكلەردە پۇ-تۇنلەي دىنىي دەرسلىكلەر ئاساس قىلىناتتى. ئوقۇغۇچىلار تاختاخۇان، (تاختىغا يېزىپ بەرگەن دەرسنى ئوقۇيدىغانلار) ھەپتىيەك خۇان، سوپى ئاللا يارخۇان، ناۋايى خۇانغا ئوخشاش گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، ئاشۇ گۇرۇپپىلار ئىچىدىكى ھەرقايسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسى بىر خىل ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ مەكتەپلەرنى يېڭىچە مەكتەپ دېگىلى بولمايتتى. پەقەت ساۋات چىقىرىش ئۆچۈن ئې-لىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر، دەرسنى ئىجتىھات بىلەن ئوقۇش ۋە تەكرارلاشنىڭ چىڭ تۇتۇلۇشى، ئۆگىنىشتە مۇسابىقە خاراكتېرلىك چارىلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ... دېيىشكىلا بولاتتى. بۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر مائارىپىغا نىسبەتەن بىر خىل ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق ئىدى.

## ئاپرېل قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى قەشقەر مائارىپى

1932 - يىلى قۇمۇلدا جىلىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە كېڭەيدى. ئۇزۇن يىل سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قاتمۇ - قات ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىق، جاھالەتنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان قەشقەر خەلقى بۇ قوزغىلاڭدىن زور ئۈمىد كۈتكەن ئىدى.

1933 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇيغۇر، قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى قەشقەر شەھرىنى ئىشغال قىلدى. بىراق قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇستەھكەم بىرلىك يوق ئىدى. قوزغىلاڭچىلار بىر نەچچە گۇرۇھقا بۆلۈندى. قوزغىلاڭغا باشلامچىلىق قىلغۇچىلار ئىچىدە ئورۇن، مەنسەپ، بايلىق تالىشىش جاڭجاللىرى كۈچىيىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال خەلققە يەنە بىر بىلىم بەردى؛ خەلق ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانماي تۇرۇپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەرلىككە، ھۆرلۈككە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن

قەشقەر خەلقىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان قىزغىنلىقى گويا تۇسۇلۇپ قالغان چوڭ سۇ دولقۇنى توساقلارنى بۇـ زۇپ تاشلاپ، كەلكۈن ياساپ ئاققاندەك ئۇقمىغا باشلىدى. قەشقەردە خېلى بۇرۇندىن ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن خەلقـ نى نادانلىق ۋە جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئىزلىنىپ كېلىۋاتقان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئىبـ راھىم ئاخۇن بايۋەچچە، ئەمەت پاختا، ئابلا قاسساپ، ساۋۇت ھاجىم سەرراپ قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن 8 كىشىدىن ئىبارەت مائارىپ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇردى. ئۇلارنىڭ خىزمەت بېجىرىش ئورنى دەسلەپ، نور بېشى مەكتەپتە، ئاندىن ھازىرقى بۆشۈك بازىرىدىكى گوداڭ كوچا ئاغزىغا جايلاشقان پىششىق خىش سارىيىدا، ئۇنىڭـ دىن كېيىن رەستىدىكى «چايخانا» دەپ ئاتالغان قورۇنىڭ ئىچىدە بولدى. ھەيئەت قەشقەر تەۋەسىدىكى ھەزرىتى سۇلتان، ئاپپاق غوجا، ھەزرىتى موللام، ئارسلانخان، يۈسۈپ قادىرخان مازارلىرىنىڭ ۋە كۆللەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە شەھەردىكى بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر بايلارنى ھەركەتلەندۈرۈپ ئىئانە يىغدى.

1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرى نور بېشىـ دىكى كونا بۇتخانا چېقىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا 20 سىنىپـ لىق بىر مەكتەپ سېلىندى (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ). دەسلىپىدە مەكتەپكە 600

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ياش ۋە بىلىم ئىقتىدارلىرىغا ئاساسەن سىنىپلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇ چاغدا، سىنىپلار باشلانغۇچ ۋە روشدى سىنىپلارغا، باشلانغۇچ سىنىپلار يەنە تەھزىرسىنىپ (تەييارلىق سىنىپ) ۋە ئادەتتىكى سىنىپلارغا بۆلۈنەتتى. روشدى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئالاھىدە ئىمتىھان بىلەن تاللاپ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كونا مەكتەپ، مەدرىسلەردە تەلىم ئالغان ۋە مەلۇم بىلىم سەۋىيىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلار ئىدى. باشلانغۇچ سىنىپلاردا ئانا تىلى، ھېساب، دىن دەرس، غەزەل، تەنتەربىيە، يۇرت بەلگىسى دەرسلىرى، روشدى سىنىپلاردا ئانا تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ، ئەرەب تىلى (دۇرۇس شىپاھىيە) تەنتەربىيە، غەزەل، پەن تەربىيىسى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنىپ ئوقۇتۇلدى. مەكتەپكە دەسلەپ قەشقەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مۇدىر، ئوبۇل ھەسەن ھاجىم مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. يۈسۈپ زىيا، نۇرغۇنجان، خېلىل ئەپەندى، ئەخمەت ئەپەندى، سۇلايمان ئەپەندى، پەخرىددىن توختى، ئابدۇغوپۇر ھەسەن قاتارلىقلار مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قەشقەرنىڭ ئۆزىدە تەربىيىلىنىپ يېتىشكەن. بەزىلىرى ئاتۇش ئىكساق يېزىسىدا ئوقۇپ، كېيىنچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، يەنە بەزىلىرى چەتئەللەردە ئوقۇپ كەلگەنلەر ئىدى.

مەكتەپ 1933 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن سىياسى، ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار سەۋەبىدىن قاتتىق توسال-

غۇغا دۇچ كەلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا قەشقەرنىڭ ھەر-بىي قوماندانى تۆمۈر سىجاڭ ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، كالىسى قەشقەر يارباغ دەرۋازىسىغا ئېسىلىپ بىر نەچچە كۈن سازايى قىلىندى. ھەممە يەر-نى ئەنسىزچىلىك، پاتپاراقچىلىق قاپلىدى. 1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 كۈنى مافۇڭيەن 6 مىڭدىن ئارتۇق بى-گۇنا كىشىلەرنى قىرغىن قىلدى. نەتىجىدە مەكتەپنىڭ ئو-قۇتۇش ئىشلىرى بىر مەزگىل توختاپ قالدى. كېيىن ۋەز-زىيەت تىنچلانغاندا ئوقۇتۇش يەنە داۋاملاشتۇرۇلدى.

بۇ مەكتەپتىكى يېڭىچە تەلىم - تەربىيە ھەققەتەن شۇ مەزگىلدە جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئىلىم-مەرىپەتكە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەشنا بولۇپ كېلىۋات-قان كىشىلەر مەكتەپ بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئوقۇغۇچىلار قاتار تىزىلىشىپ كوچىلاردا مەشكە دەسسەپ ميڭىشسا كىشىلەر تەسىرلىنىپ، ھەۋەس بىلەن قارشاتتى. ئاياللار ئۆي ئىشلىرىنى قويۇپ قويۇپ، ئۆگزىلەرگە ياكى ئىشىك ئالدى-لىرىغا چىقىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. بەزى كىشىلەر بۇ خەلق مەدەنىي ھاياتىنىڭ باشلىنىشىدىن تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈشەتتى.

ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن بىزمۇ شادان ① بولىنىڭ،
ئىلمۇ-ئىرپان يولى ئۈچۈن ئەمدى قۇربان بولىنىڭ.

① شادان — خوشال، شادمان.

..............................

ھاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلۇر باشقا مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۆلاردىن يۇزمىڭ گەز تۆۋەن، ئويلا
ئىممەتلەر.

..............................

بۇ خىل مەكتەپ ناخشىلىرى ئاشۇ مەزگىللەردە خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى.

ھەقىقەتەن شۇ چاغدا، مەكتەپ تەلىم تەربىيىسىنىڭ ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلىشى، جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك مەدەت بېرىشى نەتىجىسىدە، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بولغان قىزغىنلىقى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان ئىدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئوقۇغۇچىلار ساۋات چىقىرالايتتى. بەلگىلىك پەننىي بىلىملەرنى ئىگەللىۋالالايتتى. مەكتەپتە خەتنى چىرايلىق، توغرا يېزىشقا كۈچلۈك تەلەپ قويۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېتى توغرا ۋە سەنئەتلىك ئىدى. شۇ مەزگىللەردە ئومۇملاشقان، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن خەت شەكىللىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مەكتەپتە ئەدەپ، ئەخلاق تەربىيىسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىز-

زەتـلەش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، دوستلۇق، ئىتتىپاقـلىق، غەيرەتلىك، ئۇمتۇار بولۇش، راست سۆزلەش، نومۇسچان، هايالىق بولۇش، دوستلارغا سادىق بولۇش، ئاجىزلارغا، يوقسۇللارغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلار ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇچراتقاندا، هەربىرى سالام بېرەتتى، چوڭ ياشلىق كىشىلەرنى ئۇچراتقاندا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام - سائەت قىلىشاتتى. كىيىملەرنى رەتلىك كىيىش، بولۇپمۇ يۇرۇش - تۇرۇشتا قائىدىلىك، چەبدەس، چاققان بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىشاتتى.

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتقى قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سۆز قىلغاندا، راۋۇرۇس تۇرۇپ، تىلىنى چاينىماي، ئىنچام، مەزمۇنلۇق، توغرا تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەش تەلەپ قىلىناتتى. مەكتەپتە هەر هەپتىدە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەش، دېكلاماتسىيە ئېيتىشىش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلاتتى.

مەكتەپ بالىسىمەن،
يۇرتنىڭ ئېگىسىمەن،
ئىلىمدە ئېرور دەپتەر،
يۇرتقا بولىمەن رەهبەر.

مەكتەپ ماڭا جەننەتتۇر،
بۇ توغرا ھەقىقەتتۇر.
ئارسلان كەبىدۇر قەلبىم،
ئوغۇزغا يېتەر ئەسلىم.

مانا بۇ 1 — 2 - سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېيتىدىغان دېكلاماتسىيىسى ئىدى. يېشى كىچىك، تىلى چۇچۇك بۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ دېكلاماتسىيىسىنى ئاڭلىغان چوڭ ياشلىق كىشىلەر زوقلىنىپ كېتىشەتتى. قايتا - قايتا ئېيتقۇزاتتى. مويسىپىت ئاتا - ئانىلار: «ئىستىقباللار پارلاق بولسۇن» دەپ دۇئا قىلىشاتتى.

1934 - يىلى مەھمۇت مۇھىتى ① قەشقەرگە يېتىپ كېلىش بىلەن قەشقەر مائارىپى جۇملىدىن نۇر بېشىدىكى يېڭى مەكتەپ تېخىمۇ تەرەققى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

مەھمۇت مۇھىتى بىر ھەربىي كىشى بولسىمۇ، مائارىپقا قىزغىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەربىي ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ، كۆپ ۋاقتىنى مائارىپ، مەكتەپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى. دەسلەپتە ئۇ، دېۋىزىيە شتابى جايلاشقان گۈلباغ ئىچىدە (بۇرۇن كونا گۈلباغ نامىلىق بۇ جاي ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان بىر كىچىك شەھەرچە بولۇپ، سىبو دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن

① مەھمۇت مۇھىتى — تۇرپانلىق كىشى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ئۇ تۇرپاندا تۇرۇپ ئاكىسى ماسلاشقان. قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. خوجانىياز ھاجى تۇڭگانلار بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ قوماندان بولغان.

قوش سىپىل ئېلىپ تاشلانغان. ھازىر بۇ يەرگە قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى جايلاشتى) يېڭىچە بىر پەننىي مەكتەپ ئاچتى. مەكتەپكە شەھەر خەلـ قىنىڭ ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرىدىن بولۇپ 600 دەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە يېشى كىچىك ھەربىلەر (ئادىۋ تانتلار) دىن 60 — 70 دەك كىشىمۇ بار ئىدى. ئابدىرېھىم ھاجىم دېگەن كىشى مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئۇ كۆپ چاغلاردا ئوقۇغۇچـ لارغا بېرىلىدىغان تەنتەربىيە كوماندىسىنى ئۆزى بېرەتتى. ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر نور بېشى مەكتەپنىڭ دەرسلىرىگە ئوخشايتتى. دەرسلەرنىڭ پىلانلىق، سىستېمىلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىناتتى. ئوقۇغۇچىلار 15 روشىدى ۋە باشلانـ غۇچ سىنىپلارغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلارغا قاتتىق ئىنـ تىزام بىلەن تەلىم تەربىيە بېرىلەتتى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بۇ مەكتەپ بىلەن نوربېشى مەكتەپ ئوتتۇرىسىدا قىزغىن مۇسابىقىلار يولغا قويۇلغان ئىدى.

گۈلباغ ۋە نوربېشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئەتراپتىكى ناھىيە ۋە يېزىلاردىمۇ مەكتەپ ئېچىش. ئاقارتىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. ئالدى بىلەن يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى مانجۇ كۆل بېشىدىكى ئىمىن بەگنىڭ ھويلىسىدا بىر مەكتەپ ئېچىلدى. مەكتەپكە «مەتلە ئىل ئىر پان» (ئىلىم تۇغۇلـ دىغان ئورۇن، بىلىم بۆشۈكى) دەپ ئات قويۇلدى. مەكتەپكە 240 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش باشلاندى. باشقا بىر قانچە يېزىلاردىمۇ مەكتەپلەر قۇرۇلـ

دى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللار مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىـ نى تەقلىت قىلىپ، ئۆزلۈكىـدىن قاتار بولۇشۇپ، ناخـشا ئوقۇپ كوچا ئايلىنىشاتتى. بۇ، ئوقۇش يېشىدىكى باللارـ نىڭ شۇ چاغلاردىكى يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇش تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.

1934 – يەلى قەشقەرنىڭ مائارىپىدا زور بىر تەرەقـ قىيات دولقۇنى مەيدانغا كەلـدى. قوزغىـلاڭ مەزگىلىـدە قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپە كىرىمىلـىرى ئىشلىتىلمەي، مۆتىۋەللى (مازار، مەدرىسە، مەسچىتلەرنىڭ كىرىم ـ چىقىمغا ئىگىـدارلىق قىلىدىـغان كىشى) لەرنىڭ قولىدا يىغىلىپ قالغان ئىدى. ۋاڭلىق مەدرىسىنىڭ يىغىلىپ قالغان كىرىمى بىلەنلا شۇ مەدرىـسە ئورنىدا (هازىـرقى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپىنىڭ ئورنىـدا) دارىلـمۇئەللىـمىن مەكتىپى بىنا قىلىندى.

مۆتىۋەللىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، مەدرىسە، مەسـ چىتلەرنىڭ ۋەخپە كىرىملىرىنى قالايمىقان ئىگەللىۋېلىشتەك نامۇۋاپىـق ئەھۋالـنى تۈزىـتىـش ئۈچۈن، قەشقەردىـكى هەر قايسى مە..ر...ە، مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە كىرىملىرىـنى مەركەزلەشتۈرۈپ ...قۇرۇپ، دەل جايىغا ئىشلىتىـش مەقـ سىتىدە، شۇ يەلى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىـلەن «قەشقەر ئىسـلاھ مادارىـس ۋە ماساجىـد هەيئىـتى ①» قۇرۇلـدى. سەلەي دامۇلـلام، ئابـلا دامۇللام، مۇھەمـدىن هاجىم، تەۋەككۈل ئاخۇن قاتارلىقلار بۇ هەيئەتنىڭ خىزـ

① قەشقەر ئىسلاھ مادارىس ۋە ماساجىد هەيئىتى — قەشقەردىكى مەدـ رىس ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش هەيئىتى.

مەتلىرىنى بىجىردى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۆتىۋەللىلەر تەرىپىدىن ئۇيان - بۇيان بولۇپ كەتكەن بىر نەچچە ئون چارەك ئاشلىق ۋە ماددىي نەرسىلەر ئېنىقلىنىپ، يىغىۋېلىندى. ھەيئەت يەنە مەدرىس، مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە كىرىملىرىنى باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئۈچۈن قاتتىق ھېساب تۈزۈمىنى يولغا قويدى. نەتىجىدە مالىيە كىرىمى ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى. مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، مۇدەررىسلەردىن ئىمتىھان ئېلىش يولغا قويۇلدى. نەتىجىگە ئاساسەن دەرىجە بېكىتىلىپ، مائاش بېرىلدى. لاياقەتسىزلەر مۇدەررىسلىكتىن قالدۇرۇلدى. خانلىق مەدرىسە ئورنىدا دارىلئولۇم (ئالىي بىلىم يۇرتى) تەسىس قىلىندى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلىم سەۋىيىسىگە ئاساسەن زومرە (سىنىپ) لارغا ئايرىلىپ، ھەر قايسى زومرەلەرگە لايىقىدا دەرس ئۆتۈلدى. ئەزەلدىن مەدرىسلەردە ئوقۇتۇلۇپ كېلىۋاتقان دىنى دەرسلىكلەرگە تارىخ، جۇغراپىيە، ئالجەبىر (ئالگېبرا) ھەندىسە (گېئو مېترىيە) پارايىز قاتارلىق دەرسلەر قوشۇلدى. مۇدەررىس ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپە - مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق بەلگىلىنىپ، مەسئۇلىيەت كۆچەيتىلدى ۋە ئاكتىپچانلىق ئۇرغۇتۇلدى. ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى چىڭ تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتۇش سۈپىتى تېزدىن يۇكسەلدى. «ئىسلاھ مادارىس ۋە ماساجىد» بارا - بارا مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە كىرىملىرىنى باشقۇرۇش بىلەن قالماي، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەھەر ۋە ئەتراپتىكى يېزىلارغا جايلاشقان مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىنىمۇ قايتىدىن رەتلەپ چىقتى. ئىمتىھان ئې-

لىپ، نەتىجىسى لاياقەتسىز بولغان ۋە ئەخلاقىي، ئىلمىي سۈپىتى ئىماملىققا لايىق بولمىغانلارنى ئىماملىقتىن قالدۇردى. بۇ خىل ئۇسۇللار كۆپچىلىكنىڭ روھىي كەيپىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر مەزگىل شەھەر ۋە يېزىلاردا تەلىم - تەربىيە ھەركىتى جانلىنىپ كەتتى.

قەشقەردە «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن «ئىسلاھ مادارىس ۋە ماساجىد ھەيئىتى» پۈتۈن خىزمەتلەرنى «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» غا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇردى.

دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى جىددى داۋاملىشىۋاتقان 1934 - يىلىنىڭ 10 - ئېيىدا، ياۋاغدا (ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك 5 خىل مېتال شىركىتى بىناسى ئورنىدا) ئىككى ئايلىق مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىلىپ، ئىمتىھان ئارقىلىق كۇرسقا 100 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ قەشقەردە تۇنجى قېتىملىق ئېچىلغان مۇئەللىم (ئۇستاز) تەربىيەلەش مەكتىپى ئىدى. كۇرسقا ئانا تىلى، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، دىن دەرس، ئۇسۇل، تەلىم قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. بۇ كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قەشقەر شەھرى ۋە قەشقەرگە تەۋە جايلاردىكى يېزىلارغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن تېخىچە يېڭى مەكتەپ ئېچىلمىغان جايلاردا مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپلەر جەمئىيەتنىڭ تېزلا ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. يېڭىدىن مۇئەللىم بولۇپ بارغانلار

خەلقىنىڭ ئىززەتلىك كىشلىرى ھېسابلانىدى. ئۇلار شۇ جايلاردا، جامائەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى. مەكتەپ ئىشلىرىمۇ بار مەسلىھەت قىلىندى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئاستىن ئاتۇش ئۇكسىئېرىق يېزىسىدا(ئۇ چاغلاردا ئاستىن ئاتۇش پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ بىر رايونى ئىدى. 1940 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇش بىلەن قوشۇلۇپ يېڭى ناھىيە، 1946 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن ناھىيە بولغان) مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىككى ئايلىق مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا 60 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. كۇرس داۋامىدا مەمتىلى ئەپەندىم مائارىپ تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە بىر قېتىم ئۈز ئوقۇغۇچىلىرىنى چىرايلىق، بىر خىل رەتلىك كىيىندۈرۈپ قەشقەر شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلار كوچىلاردا مۇنۇ ناخشىنى جاراڭلىق ئوقۇشتى:

مۇئەللىم بىز، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
يۇرتىمىزغا يوپ - يورۇق نۇرلار چاچىمىز.
ماڭغان يولىمىز بىزنىڭ سائادەت يولى،
بىزلەر ۋەتەننىڭ يېڭى ئېچىلغان گۈلى.

ئىنشائاللا، بۇزۇلماس، ياشار، ياشار،
يۇرتىمىزدا مەكتەپلەرنىڭ بېسىلغان ئۇلى.
مەتبەئىل ئىرپان بولىدۇ ئاتۇش - ئارتىش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلار سائادىتىمىز.

كېيىن كۇرسانتلار مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئاستىن ئاتۇشنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا مۇئەللىملىككە ئەۋەتىلدى. ئۇلار جامائەتنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇ جايلاردا يېڭى مەكتەپلەرنى ئاچتى.

1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوردا ئىشكىدىكى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ بىناسى پۈتتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق جايلاردىن 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش باشلاندى. بۇ چاغدا گۈلباغ (سىبو) دىكى مەكتەپنىڭ ئورنى تارلىق قىلغانلىقتىن، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار باشقا مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر بۆلۇم روشىدى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىنىپ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دارىلمۇئەللىمىن ئىچىدە ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى بولۇپ، بۇ سىنىپلارغا نوربېشى ۋە گۈلباغدىكى مەكتەپلەردىن تاللانغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى.

دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسمى تەمىناتلىق بولۇپ، مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيتتى. مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار «لەيلى»، ئۆيگە كېلىپ - كېتىپ ئوقۇيدىغانلار «ناھارى» دەپ ئاتىلاتتى. «ناھارى» لار ئاساسەن شەھەر ئىچىدىن قوبۇل قىلىناتتى.

دەسلەپتە دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ياش چەكلىمىسى قويۇلمايتتى. 18 ياشتىن 40 - 50 ياشقىچە بولغان بۇ ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتكە تەۋە جايلاردىن ھەمدە تۇرپان، پىچان، توخسۇنلاردىن كېلىپ ئوقۇيتتى. ئوقۇش مۇددىتى 9 ئاي ئىدى.

ئىككى قارار داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئوقۇش مۇددىتى 3 يىلغا ئۆزگەرتىلدى ۋە مەكتەپ ئورنى تارلىق قىلغانلىقتىن 1936 - يىلى قەشقەر نەزەرباغقا كۆچۈرۈلدى. (1963 - يىلدىن باشلاپ بۇ ئورۇن ھازىرقى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىغا ئايلاندى.) مانا شۇنىڭدىن باشلاپ جەمئىيەتتىن بىر قىسىم خوتۇن - قىزلارمۇ دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى. قوبۇل قىلىنغان بۇ خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن شەھەرنىڭ «پۇلخانا» دەپ ئاتىلىدىغان جايىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، بۇ مەكتەپ «دارىلمۇئەللىمات» دەپ ئاتالدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ دارىلمۇئەللىمات دارىلمۇئەللىمىنگە قوشۇۋېتىلدى.

دارىلمۇئەللىمىندە 1938 - يىلدىن باشلاپ 7 قېتىم (ھەر قېتىملىق 6 ئايلىقتىن) ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، 1000دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈردى. دەسلەپتە ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، جۇڭگو تارىخى، شىنجاڭ تارىخى، ئەخلاق، ھىپزى سىھھەت، تەنتەربىيە، غەزەل، دىن دەرس (قىرائەت، تەجۋىد، ئىبادەت، ئىسلامىيە) ئۇسۇل - تەلىم، خىمىيە، فىزىكا قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بەزى دەرسلەر كىرگۈزۈلدى. بەزى دەرسلەر قىسقارتىلدى.

دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ بولۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلار جازالىنىپ تۇراتتى، بىر مەزگىل ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلاردىن ئېغىر - يەڭگىللىكىگە قاراپ جەرىمانە ئېلىش

يولغا قويۇلغان ئىدى. بولۇپمۇ «ئاناڭ...» دەپ تىللاش قەتئىي مەنئىي قىلىنغان بولۇپ، خىلاپلىق قىلغانلار ھەم تەنقىد جازاسىغا ھەم جەرىمانىغا ئۇچرايتتى. ھەمىشە توغرا تەرەپتە تۇرۇش. پەننى سۆيۈش، ۋەتەن ۋە خەلقنى سۆيۈش. ئۇمىدلىك ۋە ئىرادىلىك بولۇش قاتارلىق ياخشى ئەخلاقلار ئالقىشلىنىپ تۇراتتى.

قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىچىلىشى قەشقەر يېڭى مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1935- يىلدىن 1949 - يىلغىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار ئۈچۈن 3437 نەپەر ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى جاھالەت ۋە نادانلىق ئىسكەنجىسى ئاستىدا قالغان خەلقىمىزنىڭ ئويغىنىشى، ئەكسىيەتچى، چىرىك تۈزۈمگە قارشى كۈرەش قىلىشى... ئۈچۈن ناھايىتى زور خىزمەتلەرنى قىلدى.

قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىدا قەشقەر ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن 1934 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقىمۇئارقا قۇرۇلۇشقا باشلىدى. قەشقەردە «ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»، «قىرغىز ئاغارتۇۋ ئۇيمى» (قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى)، قەشقەر يېڭىشەھەردە «خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. قەشقەرگە قاراشلىق ھەر قايسى ناھىيەلەر ۋە ناھىيەلەرگە قاراشلىق رايونلاردىمۇ ناھىيەلىك ئاقارتىش ئۇيۇش-

ـملىرى، رايونلۇق شۆبە ئۇيۇشمىلار بارلىققا كەلدى. قەشـ
قەر شەھىرىگە يېقىن قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، ئاستىن
ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش، سەمەن، توقـقۇزاق، ئوپال،
تاشمىلىق، بورىختاي، ياندۇرما، ياپچان، تازغۇن، خانئېـ
رىق قاتارلىق جايلاردا ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە
ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى، ھەرقايسى شۆبە ئۇيۇشمـىلارغا تەۋە
4تىن 15 كىچە مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكـتەپلەر ئۆشرىـ
دىن توپلانغان كىرىم بىلەن تەمىنلىنەتتى.

قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ئۇيۇشمىلار
ۋە رايونلۇق شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ سانى 24 بولۇپ، ئۇـ
لارغا يىللىق ئۆشرىدىن بولـىدىغان كىرىم بىرمىليون چاـ
رەك ئاش ئىدى. ھەربىر كەنتتە شۆبە ئۇيۇشـما تەرىـپىـ
دىن بېكىتىلگەن بىردىن ئىككىگىچە دىۋان بېگى (ئاشىر)
بولۇپ، ئۇلار دېھقانلارنىڭ خامانلىرى تەييار بولغان ھاـ
مان خامان ئۈستىگە بېرىپ، مەھسۇلاتنى كۆزدىن كەچۈـ
رەتتى. ئاندىن مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى شۆبە
ئۇيۇشمىسىغا ھېسابلاپ، دېھقانلارنىڭ دەرھال تاپـشۇرۇپ
بېرىشىنى ئورۇنلاشـتۇرۇپ قويۇپ (تالون يېزىپ بېرىپ)
قايتىپ كېتەتتى. دېھقانلار تالونغا ئاساسەن ئاشنى ئېلىپ
بېرىپ تاپشۇراتتى.

ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ كىرىمى ھەزرىتى سۇلـتان،
ھەزرىـتى مولـلام، ئاپـپاق غوجام قاتارلىق مازارلارنىـڭ
ۋەخپە كىرىملىرىدىن كېلەتتى. شۇ چاغدا، سۇلتان ساتۇق
بوغراخان مازىرىنىڭ ۋەخپە يـېرى 4000 مو، ئاپـپاق
غوجا مازىرىنىڭ ۋەخپە يېرى 16 مىـڭ مو ئىدى (مەسـ

چىتىلەرنىڭمۇ كۆپلەپ ۋەخپە يەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن مەسچىتلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئىگىدارچىلىق قىلاتتى). بۇنىڭدىن باشقا ۋىلايەتكە قاراشلىق چارۋا ماللارنىڭ زاكىتىدىن 10 مىڭ تۇياق چارۋا، ھەر يىللىق قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىغان چارۋىلارنىڭ ئۇچەي، تېرىلىرىمۇ ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىغا تاپشۇرۇلاتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنبەلەردىن كىرىدىغان يىللىق ئومۇمىي كىرىمى بىر مىليون بىر يۈز ئوتتۇز مىڭ چارەك ئاش بولۇپ، بۇ ئاساسەن ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى، ئىشخانا راسخوتلىرى، شۇنىڭدەك دارىلئاجىزىن (مېيىپلار ساناتورىيىسى)، دارىلئىتام (يېتىم بالىلار ئوقۇيدىغان مەكتەپ) ۋە مازارلارنىڭ رېمونت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. بۇ چاغدا باشقۇرۇلۇۋاتقان دارىلئىتام مەكتىپى كىشىلەرنىڭ قىزغىن ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، ياتاق راسخوتلىرى پۈتۈنلەي ئۇيۇشما تەرىپىدىن بېرىلەتتى. بۇ مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى كېيىنكى چاغلاردا جەمئىيەتكە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى.

يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى مائارىپقا تەشنا قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۈچۈن ئۇيۇشمىلار شۇ چاغدا ھەقىقەتەن ئاكتىپ تەشكىللەش، باشلامچىلىق قىلىش رولىنى ئوينىدى. ئۇيۇشمىلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن شەھەر ۋە يېزىلاردا يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرى باشلىنىپ كەتتى. ھەر بىر يېزىدىكى خەلقلەر قىزغىنلىق بىلەن ئىئانە

توپلاپ، مەكتەپ سېلىشقا كىرىشىپ كەتتى. يېزىلارنىڭ كۆلىمىگە ئاساسەن ئارقىمۇ ئارقا 3 سىنىپلىقتىن 15 سىنىپلىققىچە بولغان مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپلەر يېزىلاردىكى ئەڭ ئاۋات، جامائەت كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان جايلارغا سېلىنغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. كۆپچىلىك بۇ مەكتەپلەر بىلەن پەخىرلىنەتتى.

1934 — 1935 - يىللاردا قەشقەردە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن تەمىنلىنىدىغان نورىيېشى مەكتەپ بىلەن پېڭشەردىكى خەنزۇچە مەكتەپتىن ئىبارەت ئىككىلا مەكتەپ بولۇپ، قالغان مەكتەپلەر ئۇيۇشمىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ئۇيۇشمىلار باشقۇرىدىغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمەتلىرى ئۇچۇن شۇ چاغلاردىكى تەرەققىپەرۋەر زىيالىيلاردىن كېرىمخان ئاكا، خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوپ، ئىسمايىل.قاسىملارنىڭ تۆككەن تەرلىرى ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان ئىدى.

ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ بىر تۇتاش قاتتىق ھېسابات تۈزۈمى بار ئىدى. ئاۋۋەل پىلان (ئىسمىتا) تۈزۈلەتتى. ئاندىن شۇ بويىچە چىقىم قىلىناتتى. ھېسابات ئىشلىرىنىڭ ساغلام، ئوچۇق-ئاشكارە، توغرا بولۇشى ئۇچۇن بىر نەچچە قېتىملىق كۇرسلار ئېچىلىپ بوغالتىرلار تەربىيىلەندى. بۇ خىل ھېسابات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ باش بوغالتىرى رىشاتخان ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇ دائىم بوغالتىرلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. بوغالتىرلارنى خىز-

مەتكە بەلگىلەش ۋە خىزمەتتىن قالدۇرۇشنىمۇ ئۇ ئۆز ئال-
دىغا بىر تەرەپ قىلالايتتى.
ئۇيۇشمىلار قىشلىق ۋە يازلىق مەزگىللەرنى چىك تۇتۇپ،
ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق خەلقنى
ساۋاتلىق قىلىشقىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ئىدى. بەزى
جايلاردا ساۋات چىقىرىدىغان دېھقانلار يېزىنىڭ مەكتىپى-
گە سىغىشماي، ئائىلىلەرنى مەكتەپ قىلىپ ئوقۇشقا توغرا
كەلدى. شۇ چاغدا ساۋات چىقارغانلارنىڭ كۆپچىلىكى
ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلىق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرى-
جىلىك ئورۇنلاردا كادىر بولۇپ خىزمەت قىلدى.
ئۇ چاغدا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندىن باشقا ئوتتۇرا
دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ يوق ئىدى. لېكىن 5 يىللىق
تولۇقسىزنى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى خېلى پۇختا
يولغا قويۇلغان ئىدى. دەرسلىكلەر ئۆز تىلىمىزدىكى
دەرسلىكلەر بولۇپ، كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت مۇناسىۋىتى
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كېلىنەتتى. «ئوقۇتۇشنى
ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى—ئوقۇتقۇچى» دېگەن پرىنسىپ
ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى
ئالاھىدە چىڭ تۇتۇلاتتى. ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە
ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا
ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. ئۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچى
يېتىشمىگەنلىكتىن بىر ئاز خەت ساۋاتى بار كىشىلەرمۇ
ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىدى. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئورنى تۆۋەن بولغاچقا، يازلىق كۇرستا ئوقۇشىنى بەكمۇ
ئارزۇ قىلىشاتتى.

ھەر يىلى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر شەھىرى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 12 شۆبە ئۇيۇشما دائىرىسىدىكى مەكتەپلەردىن تاللانغان ئوقۇغۇچىلار «باللار جەمئىيتى» گە قاتناشتۇرۇلۇپ، يازلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ ئاساسەن دەم ئېلىش خاراكتېرىدىكى پائالىيەت ئىدى. بۇ پائالىيەت ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىدىكى ئەڭ گۈزەل، مەنزىرىلىك باغلار تاللىناتتى. «باللار جەمئىيتى» گە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئۆز جايلىرىغا تارالغاندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆگىنىش، ئەخلاق، تەنتەربىيە جەھەتلىرىدە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشەتتى.

مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئىمتىھانلىرى چىڭ تۇتۇلۇپ، زور داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. رايونلاردىكى مەكتەپلەر يىللىق ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن ۋىلايەتتىن. يېتىشمىگەندە رايونلارنىڭ ئۆزىدىن ئىمتىھان ئېلىش كومىسسىيىسى (مۇمەييىز) تەشكىل قىلاتتى. ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ 5 — 6 ئىلمىي مۇپەتتىشى (مەكتەپ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرگۈچى خادىم) بولۇپ، داۋاملىق ناھىيە ۋە رايونلاردىكى مەكتەپلەرنى ئايلىنىپ، تەكشۈرۈپ ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئۇسۇلى، دەرسلەرنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشىدا كەمچىلىكلەر كۆرۈلسە ۋاقتىدا تۈزىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى ناھىيە شۆبە ئۇيۇشمىلاردا بىر، ئىككىدىن ئىلمىي مۇپەتتىش بار ئىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما خەلقنى ئاقارتىش يولىدا نۇرغۇن

تەدبىرلەرنى كۆردى. ھەر يىلى يازلىق ۋە قىشلىق ئىجـ
تىمائىي تەلىم ـ تەربىيە ھەركىتىنى يۈرگۈزۈپ كۆپ سانـ
دىكى كىشلەرنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقاردى. ئۇيۇشمىنىڭ
ئىقتىسادىي بىلەن ھېيتكا خەلق كلوبىنى بىنا قىلىپ (بۇ
كلوب بىنا قىلىنغان چاغدا ھازىرقىدىن بىر قەدەر كەڭـ
رەك ئىدى) كىنو، تىياتىرلار ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلە۔
دى. 40 ـ يىللاردىن بۇرۇنلا بۇ كلوبتا «غېرىپ ـ
سەنەم»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاـ
تارلىق داڭلىق ئەسەرلەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئويىنالغان
ئىدى. شۇنداقلا ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىغا قاراشلىق ناھىيە۔
لەرنىڭ ھەممىسىدە ۋە ئوپال، ئاستىن ئاتۇش، سەمەن
قاتارلىق رايونلاردا تىياتىرخانىلار بىنا قىلىندى. ۋىلايەتـ
لىك ئۇيۇشما يەنە بىر قانچە قېتىم سازچى يېتىشتۈرۈش
كۇرسى ئېچىپ، ناھىيە ۋە رايونلارغا سازچى يېتىشتۈـ
رۈپ بەردى. سازچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ مۇئەلـ
لىمى سەمەت ئابدۇللا ئىدى.

1937 ـ يىلى قەشقەردىكى دىۋىزىيە قوماندانى
مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت سىجاڭ) چەتكە چىقىپ كەتـ
كەن، خوتەننى ئىدارە قىلىپ تۇرغان ماخوسەنمۇ چەتكە
چىقىپ كەتكەن ئىدى. ماخوسەننىڭ قىسملىرى بىلەن
مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى قىسملىرى
بىرلىشىپ 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كېچىلەپ قەشقەرگە
بېسىپ كىرگىنىدە، شىڭ شىسەي مەمۇرلىرى قەشقەر ياـ
ۋاغ تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلاردىن مەمتىلى تەۋپىق، يۇسۇپ
زىيادەك مۇنەۋۋەر مائارىپچىلارنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلـ

تۇردى. بۇ پاتىپاراقچىلىقتا تەتىل مەزگىلىدە ئېچىلىدىغان ئىككى ئايلىق مۇئەللىملەر كۇرسىنى ئېچىشقا مۇمكىن بول-مىدى. شىڭ شىسەي چەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسيانچىلار-نى باشقۇرغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىدىن سابىت ئىبراھىم دېگەن ياشانغان كىشى باشلىقلىققا ئەۋەتىلدى. ۋىلايەت-لىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىن نوربېشى مەكتەپنى، يېڭىشەھەردىكى خەنزۇچە مەكتەپنى، بىرەر يىلدىن كېيىن ناھىيە بازارلى-رىدىن بىردىن مەكتەپنى، قەشقەرگە يېقىن قازىرىق يې-زىسىدىن بىر مەكتەپنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋال-دى. ئارقىدىن ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىغا قاراشلىق بەزى رايونلاردىن مەكتەپ قۇرۇلۇشى، مەكتەپ ئۇسكۇنىلىرى، بولۇپمۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ياخشى بولغان بىر-دىن مەكتەپنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. ھۆكۈمەت ھېسابىدىكى مەكتەپلەر شەنلى مەكتەپ، ئۇ-يۇشما ھېسابىدىكى مەكتەپلەر خۇيلى مەكتەپ دەپ ئاتى-لاتتى. 1942 - يىلى قەشقەردە تاجىكلار مەكتىپى قۇ-رۇلۇپ، تاشقورغاندىن 150 نەپەر ئوقۇغۇچى كېلىپ ئو-قۇدى. مەكتەپنىڭ ئورنى نەزەر باغدىكى ھازىرقى مېيىپلار ساناتورىيىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق ۋە تاماقلىرى مەكتەپتە ئىدى.

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن قەشقەر ۋى-لايەتلىك ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ جان-لىنىپ كەتتى. 1938 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-

تىپىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كوممۇ-
نىستلاردىن لى زىلىڭ (لى يۈنياڭ) (شۇ چاغدا ئۈرۈمچى
1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى) 1939 - يىلى-
نىڭ بېشىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ كەلدى. لى زىلىڭ قەشقەرگە
كەلگەندىن كېيىن بىرقانچە يىلدىن بېرى مائارىپ باش-
لىقلىقىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم مائارىپچى سابىت
ئىبراھىم بىلەن ئوبدان ماسلاشتى. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە
قەشقەر مائارىپىدا يېڭى بىر دەۋر مەيدانغا كەلدى. ۋىلا-
يەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرى ئىشەنچلىك
كاپالەتكە ئىگە بولۇش بىلەن خەلق ئاقارتىش يولىدىكى
خىزمەتلەر يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەكتەپ ۋە مائارىپ
ئورۇنلىرىنىڭ ئىشى نىشانلىق ۋە ئىلمىي ئاساسقا سېلى-
نىپ، چوڭ - كىچىك خىزمەتتىن ئىلگىرى پىلان تۈزۈش.
خىزمەتتىن كېيىن خۇلاسە چىقىرىش ئىشلىرى چىڭ تۇ-
تۇلدى. پىلان تۈزۈش ۋە خۇلاسە چىقىرىش ئۇ چاغلار-
دىكى مەكتەپلەردە تېخى ئومۇملاشمىغان ئىدى. ئوقۇتقۇچى-
لارنى بۇ ئىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن مائارىپ ئىدارىسى
ئۈلگىلىك پىلان ۋە خۇلاسە نۇسخىلىرىنى تاللاپ ياكى
تۈزۈپ چىقىپ، بېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەردى. بارا - با-
را بۇ ئىش مەكتەپلەردە دائىملىق ئادەتكە ئايلاندى. ئاۋ-
ۋال شەھەردىكى مەكتەپلەرنى ئاساس قىلىپ، ئوقۇتۇش
خىزمىتىدىن دوكلات قىلىش، مەكتەپلەر ئارا ھەر خىل
مۇسابىقىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلغار
مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ چىقىپ، ئىلھام بېرىش،

ئارقىدا قالغان مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا مۇۋاپىق تەن-قىد بېرىش، ھەتتا ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى يۆت-كەۋېتىش، خىزمىتىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى چىڭ تۇتۇل-غاچقا، ماھارىتى زور ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى.

رەھبەرلىكنىڭ كۈچىيىشى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-تۇش ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەش مەيدانغا كەلدى. لى زىلىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ، قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇ-رۇش كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ باشقۇرغاندىن تاشقىرى، شەخسەن ئۆزى شەھەر مەكتەپلىرىنىڭ ۋە يېقىن بېزا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىپ، پېداگوگىكا ۋە جۇغراپىيىدىن دەرس ئۆتۈپ بەردى. تىرىشىپ بىلىمىنى ئاشۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ بار-دى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئوقۇتقۇچىلاردا ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان كەيپىيات تۇرغۇزۇلدى. لى زىلىڭ يەنە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە ۋىلايەت-لىك ئۇيۇشمىدىكى ئىلمىي خادىملار (ئىلمىي مۇ-پەتتىشلەر) غا پېداگوگىكا، دىئالېكتىكا ۋە تارىخىي ما-تېرىيالىزمدىن لېكسىيە سۆزلەپ بەردى، ئۇلارنى ھەر قايسى بىۋاسىتە رايونلارغا (شۆبە ئۇيۇشمىلارغا) ئەۋەتىپ، ئۇلار ئارقىلىق شۇ جايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پېداگو-گىكا، دىئالېكتىكا ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە ئۇلاردىن قەرەللىك ھالدا ئىمتىھان ئېلىپ تۇردى.

قەشقەردە ئۇ چاغلاردا ئاپتوموبىل قاتنىشى يوق ئىدى. مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان مۇپەتتىشلەر ئۈچۈن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ئۆيۈشمىنىڭ 15 — 20 دىن ياخشى ئاتلىرى تەييار تۇراتتى. مۇپەتتىشلەرگە مەلۇم ئىمتىياز بېرىلگەن ئىدى. ئۇلار مەكتەپلەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئالاھىدە سىناپ، تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. بەزىدە رايونلار بويىچە مەكتەپلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئومۇمىي خۇلاسە قىلاتتى. ھەتتا پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا، ئوقۇتقۇچى. مەكتەپ مۇدىرلىرىنى يۆتكەپ ياكى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، مائارىپ ئىدارىسىغا دوكلات قىلاتتى.

## شىڭ شىسەيىنىڭ قىياپىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىنكى قەبىھەر مائارىپى

1942 ـ يىلى ئەتىياز، گېتلېر سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ موسكۋا ۋە ستالىنگراد شەھەرلىرىنى مۇھاسىرە قىل-
دى، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىقىغا قارشى ئۇرۇشى
تىركىشىش باسقۇچىدا تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ھۆ-
كۈمدارى شىڭ شىسەيىنىڭ خەلققە ۋە كوممۇنىستىك پار-
تىيىگە قارشى ئەكسىيەتچىل ئەپتى ـ بەشىرىسى ئاشكارى-
لانغىنى باشلىدى. جاڭ جېيشىنىڭ خوتۇنى سوڭ مېلىن ۋە
ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن تىل بى-
رىكتۈردى. 1943 ـ يىل 1 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ
شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى قۇرۇلدى. شىڭ شىسەي شۇن-
دىن باشلاپ، شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان جۇڭگو كوم-
مۇنىستلىرىنى ۋە ئىلغار زىيالىلارنى، ياشلارنى قولغا ئې-
لىشقا باشلىدى. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىڭ شىسەي
چۇڭچىڭغا كېتىپ، دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرى
بولدى. جۇشياۋلياڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
مۇۋەققەت رەئىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋۇجۇڭشىن رەئىس

بولدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. ئۇرۇمچىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىلغار زىيالىلارنىڭ تۈرمىلەرگە تاشلانغانلىقى قەشقەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەشقەردىمۇ بىرمۇنچە زىيالىلار، ئوقۇتقۇچىلار قاماقتا، بىرمۇنچىلىرى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانىدى. شەھەر ۋە يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى مەجبۇرى هالدا تۈركۈم - تۈركۈملەپ گومىنداڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، ھەربىر مەكتەپتە گومىنداڭ چۇيفېنبۇسى قۇرۇلدى. گومىنداڭ مەمۇرلىرى ئوقۇتقۇچىلاردىن قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنى ھەر قەدەمدە تەقىپ قىلىپ تۇراتتى ۋە بىر - بىرلىرىگە پايلاقچى قىلىپ قوياتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بۇ خىل شەرمەندە ھەركەتلىرىدىن يىرگىنگەن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار خىزمەتتىن كېچىپ، دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسپلەرگە كىرىشىپ كەتتى، ئىمكانىيەت تاپالىغانلىرى شىمالىي شىنجاڭغا كېتىپ قالدى. باشقىچە تۇرمۇش يولى تاپالمىغانلىرى ئوقۇتقۇچىلىقىنى داۋام قىلىۋەردى. شىنجاڭدا گومىنداڭ هاكىمىيىتى تۈرغۇزۇلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەكتەپلەر ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈملىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى. دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىغا جىددى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئىلغار پەننىي مەزمۇنلار ئوقۇتۇش پىلانى ۋە دەرسلىكلەردىن چىقىرىپ تاشلاندى: ئىشخانا، سىنىپ ۋە تاملارغا ئېسىلغان شىڭ شىسەينىڭ رەسىملىرى، ئۇنىڭ ئالدامچىلىق سىياسىتى

«ئالته سىياسەت» پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا جياڭجيېشىنىڭ سۈرىتى ۋە گومىنداڭ پەرقىسىنىڭ بايرىقى، بايراق شەكىللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پەن - تېخنىكىغا دائىر كىتابلار، جۈملىدىن 1937 - ، 1938 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا باستۇرۇپ كېلىنگەن دەرسلىكلەر يىغىۋېلىنىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. كىتاب — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقى ئىدى. تاپقان ئىقتىسادىغا كىتاب سېتىۋېلىپ، كىتاب توپلىغان ئوقۇتقۇچىلار ھەم مەنىۋى بايلىقىدىن ئايرىلدى، ھەم ماددىي جەھەتتىن ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار كىتابنى تاپشۇرماستىن ئۆيلىرىگە، مال قوتانلىرىغا كۆمۈپ قويۇپ ساقلىغانىدى. بۇلاردىن بىر قىسمى ئەكسىيەتچى دائىرىلەر تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، قاماققا ئېلىندى. يەنە بىر قىسمى خىزمەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلدى.

گومىنداڭنىڭ مائارىپى فاشىستىك ۋە دەللاللىق مائارىپ ئىدى. تۈزۈپ بەرگەن دەرسلىكلىرىدە ئىتائەتچانلىق ۋە قۇللۇق تەشەببۇس قىلىناتتى. دەرسلىكلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، ياش قورامى ھېسابقا ئېلىنمايتتى؛ دەرسلىكلەرنى ئۆلۈك يادلاش تەلەپ قىلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاز ۋاقىت بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان قەشقەر مائارىپى تېزدىن ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە 4 — 5 يىل ئوقۇپمۇ خەت ساۋاتىنى چىقىرالماي، مەكتەپتىن ساۋاتسىز چىقىپ كېتىدىغانلار كۆپەيدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ئۇزۇن تۇرۇۋېرىپ،

يېشى چوڭىيىپ كەتكەنلىكتىن بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار-نىڭ ياش پەرقى بەك چوڭىيىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار كۇنبويى دەرىسخانىدا ئولتۇرۇپ نەپ ئالالمىغانلىقتىن مەكتەپتىن قاچاتتى. كۆپ چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چاقىرىپ كېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

1943 - يىللارغىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش ھەر ھالدا چەكلىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، تەن جازاسى بېرىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار-نىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ مەكتەپتىن ئۈمىدى قالمىدى. شۇڭا بىرمۇنچە كىشىلەر باللىرىنى يېڭىچە مەكتەپلەردىن چىقىرىۋېلىپ، دىنىي مەكتەپلەرگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ۋە بەزى يېزىلاردا دىنىي مەكتەپ ۋە يېڭىچە مەكتەپ دەپ ئىككى خىل مەكتەپ شەكىللەنگەنىدى.

گومىنداڭ دەۋرىدىكى مائارىپ چۈشكۈنلۈكى شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي چۈشكۈنلۈكنىڭ ئىنكاسى ئىدى. پۇل پاخاللىقى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى. 1947 — 1948 - يىللارغا كەلگەندە 6 مىليارد يۈەنلىك قەغەز پۇل تارقىتىلدى. بازار ناھايىتى مۇقىمسىزلىشىپ كەتتى. مال باھاسى ھەپتىلەپ، كۈنلەپ، ھەتتا سائەتلەپ ئۆسۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە چۈشتىن بۇرۇن ئىككى چارەك ئاش كەلسە، چۈشتىن كېيىن ئىككى نان كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن

ئوقۇتقۇچىلار ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتمۇ - قات قىيىنچىلىق ۋە ئەندىشىدە ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. 1948 - يىلى 12 - سىنىپلىق ئاۋات شەنلى مەكتىپىنىڭ 36 نەپەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىر ئايلىق مائاشىغا نان ئېلىپ تارقىتىپ بېرىلگەندە، ھەر بىر ئوقۇتقۇچىغا 15 تىن نان تەككەن. بۇنىڭدىن پۇل پاخاللىقىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئادەتتە شەنلى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشى خۇيلى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشىدىن بىر قەدەر ئۇستۇن تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا مائاشىغا ئالىدىغان بېرىلىدىغان خۇيلى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشى. شەنلى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشىدىن ياخشىراق بولغاندەك بولدى. ئەمما، ئۇنىڭمۇ ئاپتى ئۆزى بىلەن بىللە ئىدى. ئىدارىلاردا خىيانەت ۋە پارىخورلۇقنىڭ كۆپىيىشى، خىزمەتلەرنىڭ چۇۋالچاقلىقى. خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۇنساناپ قاشاقلىشىپ كېتىشى بىلەن كىشلەر ئۆشرە - زاكاتلىرىنى ئويۇشمىغا بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەرلىك مەمۇرىلەر ئويۇشمىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىپ، ئويۇشمىنىڭ ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقلارنى يېۋالدى. بەزى جايلاردا بەگلەر دېۋان بەگلىكىنى ئىگەللىۋېلىپ، يىغىلغان ئاشلىقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئېلىۋېلىپ، ئاز قىسمىنى ئويۇشمىغا تاپشۇردى. شۆبە ئويۇشمىلارنىڭ ئامبىرىدىكى ئاش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 5 — 6 ئايلىق مائاشىغىلا يېتەتتى. قالغان 6 — 7 ئاي ئوقۇتقۇچىلار مائاشسىز ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى.

## خاتىمە

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ نىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقى ئېلان قىلىندى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. قەشقەر-دىمۇ تەنتەنىلىك دۆلەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار شاد خۇراملىقتا چۆمگەن ھالدا داقا - دۇمباقلار چېلىشىپ، قەشقەر كوچىلىرىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ ئازاتلىققا تەنتەنە قىلىشتى.

شۇ يىلى ئازادلىق ئارمىيە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە ۋەكىللىرىمۇ مۇز داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە چۈشتى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قەشقەر خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئازادلىق ئارمىيە ۋە مىللىي ئارمىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يەرلىك فېئودال، مۇتەئەسسىپ بايلارنىڭ دەھشەتلىك سىياسى زۇلۇمى ۋە

ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى تۈپەيلىدىن ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى بەكمۇ قالاق هالەتتە ئىدى. خەلقىنىڭ 92 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ساۋاتسىز ئىدى. ۋىلايەت بويىچە ئوقۇغۇچى سانى 500 دىن ئاشمايدىغان ئىككى باشلانغۇچ سىفەن مەكتىپى، 100 دەك ئوقۇغۇچىسىغا ئىگە بىر كەسپىي مەكتەپ بار ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ 213 بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى ئاران 40 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن يۆلىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئاستىدا، هازىر قەشقەردە، قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت 2 ئالىي بىلىم يۇرتى (ئوقۇغۇچىسى 2500 نەپەر) بار، 6 ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇم (قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، يەكەن دارىلمۇئەللىمىن، قەشقەر تىببىي تېخنىكۇم، قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكۇم، قەشقەر مالىيە - سودا مەكتىپى، قەشقەر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى) ۋە 1 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بار. بۇ تېخنىكۇملارنىڭ ئوقۇغۇچىسى 5571 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 78.9 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. 47 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، (ئوقۇغۇچىسى 12492 نەپەر. بۇنىڭدىن 74 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىگەللەيدۇ) 154 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، (ئوقۇغۇچىسى

60102 نەپەر، بۇنىڭ 77.5 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىگەللەيدۇ) 1267 باشلانغۇچ مەكتەپ (ئوقۇغۇچىسى 280 مىڭدىن ئارتۇق. بۇنىڭ تەخمىنەن 89.5 پەرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىگەللەيدۇ) بار.

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن يۇقىرى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى 70%، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش نىسبىتى 32% بولماقتا.

دېمەك، ئازادلىقتىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 7 ھەسسە، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى 122 ھەسسە ئارتۇق. ئەگەر ئاتالمىش «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش»، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ھەركەتلىرى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا، شەك شۈبھىسىزكى مائارىپنىڭ تەرەققىياتى بۇنىڭدىنمۇ تېز، سۈپىتى بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولغان بولاتتى. بەختىمىزگە پارتىيىمىز ئاشۇنداق كۆڭۈلسىز ۋاقىتقا خاتىمە بەردى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مائارىپ ساھەسىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈلدى ۋە زورايتىلدى. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر
جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى.

بۈگۈن پارتىيىمىز مائارىپنى 4 تە زامانىۋىلىشىشتىكى
ئەڭ زور ئىش دەپ بىلىپ، ھەقىقى چىڭ تۇتماقتا. بىر
قاتار زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەرخىل مائارىپنىڭ
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن
خەلق مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان جۇشقۇن ۋەزىيەت شە-
كىللەنمەكتە. كەڭ مائارىپ خادىملىرى سىياسى، ئىقتىسا-
دىي جەھەتتە ئازادلىققا ئېرىشىپ، دىللىرى يايراپ،
خۇشال خۇراملىققا چۆمۈپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى
ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىمەكتە.

مىللىي مائارىپ، مىللىي مەسىلە ئىچىدىكى ئەڭ گەۋ-
دىلىك مەسىلە. مىللىي ئىشلارنى گۈللەندۈرۈشتە جەزمەن
مىللىي مائارىپ تۇتۇلۇشى كېرەك. مىللىي مائارىپ
ياخشى تۇتۇلسا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھەقىقى.
توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر مائارىپ ئىشلىرى
تەرەققى قىلمىسا، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، مەدەنى-
يەت، ئىلىم - پەن جەھەتلەردە تەڭ تەرەققى قىلىش
شارائىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنمىسا، ھەرقايسى مىل-
لەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەڭلىك، باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئا-
شۇرغىلى بولمايدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەڭلىك،
باراۋەرلىكىنى ھەقىقى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلغار بول-
غان مىللەتنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېز-
لىتىش بىلەن بىر چاغدا، مەدەنىيەت ۋە مائارىپتا ئارقىدا
قالغان مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەزى زۆرۈر پەۋ-

قۇلئاددە شارائىتلارنىمۇ يارىتىپ بېرىش لازىم. پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت يېقىنقى يىللاردىن بۇ-
يان بۇ جەھەتتە زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قەشقەر مىل-
لىي مائارىپىنىڭ ھازىرقى زور تەرەققىياتىنى ئاشۇ خىزمەت-
لەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى پارتىيىمىزنىڭ
رەھبەرلىكىدە، ئەۋزەل سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە، ئەجداتلار-
نىڭ ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيۈش، ئىلىم - مە-
رىپەتكە ئىنتىلىش، ئىلىم - مەرىپەت ئۈچۈن بارلىقىنى
بېغىشلاشتەك ئېسىل ئىستىلگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ،
مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈ-
رۈپ، قەشقەرنى ئېلىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدا قۇدرەت
تاپقان، سوتسىيالىستىك بەختىيار يېڭى ماكان قىلىپ قۇرۇپ
چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىشلىرى لازىم.

本书利用大量可靠的材料论述了喀什近代教育史，对中国共产党民族政策光辉照耀下走上发展繁荣道路的喀什当代教育做了较详细的介绍

喀什近代及当代教育史（维文）
著者：阿不都热衣木·托呼提
责任编辑：阿不力米提·吾斯曼
责任校对：阿依夏木阿不都吾力

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 2·375印张
1986年3月第1版1986年6月第1次印刷
印数：1—6000

统一书号：11264—7 定价：0·25元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت ئابدۇخالىق

نومۇرى: 7 — 1264
باھاسى: 0.25